# سەھنە ئەسەرلەرلىرىدىن

# تاللانما

ئېلكتاپ ئىشلىگۈچى: ئابرال

2008-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى

# ئىلكتاپ ئىشلىگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان سەھنە ئەسەرلىرىدىن تاللانما ناملىق بۇ ئېلكتاپتىكى ئۇيغۇر ئاپتۇرلار قەلىمىدىكى بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى مەن ئۆزۈم ئاپتۇرلارغا كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ بەرگەن، يەنە بەزى بىر قىسىملىرىنى توردىن كۆچۈرىۋالغان، بەزىلىرىنى نەشرىدىن چىققان كىتاب-ژورناللاردىن رەتلەپ كۆچۈرۈپ كىرگۈزگەن. تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ئېلكتاپتىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق هوقۇقى ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلار ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ. بۇ كىتاب پەقەتلا شەخسنىڭ قىزىقىشى بويىچە تۈزۈلۈپ،پەقەتلا هەۋەسكار دوسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى. بۇندىن سىرت ئېلكتاپنى سودا ياكى باشقا ساهەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئاپتۇرنىڭ ياكى نەشر هوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز سودا ياكى باشقا ساهەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.ئۇيغۇر ئېلكتاپ تورى ۋە ياكى ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش مەركىزى هىچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق هوقۇقىغا ۋە ياكى نەشر هوقۇقىغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز بىزگە ئېلخەت ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىڭ. بىز سىزنىڭ ئەسرىڭىزنى توردا تارقىتىشنى دەرهال توختىتىمىز.

ئېلخەت ئادرىسىمىز: abral@live.com ياكى abral@live.cn

ۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش بلوگىدا ياكى ئۇيغۇر ئىلكتاپ تورىغا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئادرىسىمىز:

http://www.uyebook.com

http://ilkitap.blogbus.com

هۆرمەت بىلەن : ئۇيغۇر ئېلكتاپ گۇرۇپپىسىدىن(بىلىك – ئىنتىل ) ئابرال

قايتا تۈزۈتۈلگەن ۋاقتى: 2008-يىلى 7-ئاينىڭ 5 - كۈنى قايتا تۈزىتىلدى

ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش مەركىزى
مەخسۇس تامغىسى

# مۇندەرىجە

**ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچىدىن ........ 2**

**مۇندەرىجە ........ 3**

**مۆلجەر تاغ بورانلىرى ........ 4**

رولىلاردا ........ 5

مۇقەددىمە ........ 7

بىرىنچى پەردە ........ 11

ئىككىنچى پەردە ........ 19

ئۈچىنچى پەردە ........ 26

تۆتىنچى پەردە ........ 34

بەشىنچى پەردە ........ 42

ئالتىنچى پەردە ........ 51

يەتتە قىزنىڭ شەنگە ئاتاپ ........ 60

**ئامەتنىڭ چاقچىقى ........ 65**

**مېھمان ـ 4 ........ 106**

**پۇلۇمنى بېرىۋەت ........ 124**

**ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........ 137**

http://ilkitap.blogbus.com

# مۆلجەر تاغ بورانلىرى

**(ئالتە پەردىلىك مۇزىكىلىق تارىخىي دىراما)**

**ئىمىن ئەخمىدى**

**ئابلەت قەييۇم**

**كومپيۇتېرغا كىرگۈزگۈچى: ئابرال**

http://www.uyebook.com

## روللاردا

رەھمىتۇللا: ئۆچتۈرپان بەگلىكىنىڭ ئوردا نەۋكەر باشلىغى،دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى،45 ياشلاردا.
ئەسمىتۇللا: ئۆچتۈرپان دېھقانلارقوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى ،رەھمىتۇللانىڭ ئىنىسى،40 ياشلاردا
تاھىر : ئۆچتۈرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى،25 ياشلاردا.
مىرزا رېھىم : ئۆچتۈرپان بەگلىكىنىڭ ئوردا مىرزىسى ،ئىلىم-مەرىپەت، ئادالەت تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى.دېھقانلار قوزغىلىڭى قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى،60 ياشلاردا.
يۈسۈپ بوۋاي : دېھقان ،قوزغىلاڭچى،50 ياشلاردا.
شانىياز : يۈسۈپ بوۋاينىڭ ئوغلى، قوزغىلاڭنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرى،22 ياشلاردا.
مايىسخان :رەھمىتۇللا قىزى،تاھىرنىڭ سۆيگىنى، ئۆچتۈرپان قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىسى ۋە كېيىنكى رەھبىرى، 18-20 ياشلاردا.
گۈلسارە : مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
ھەجەر : مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
زوھرە : مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
جەملە : مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
گۈلجامال :مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
زەينەپ : مايىسخاننىڭ قىز باتۇرلىرىنىڭ بىرسى، 17-18- ياشلاردا.
ئابدۇللا : ئۆچتۈرپاننىڭ ھاكىم بېگى ،چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۆچتۈرپاندىكى

http://ilkitap.blogbus.com

سادىق مالىيى،50 ياشلاردا.

مۇزەپپەر : ئۇچتۇرپان ئوردا بەگلىكىنىڭ ئوردا مۇھۇردارى،ئىشانلار مەزھىۋىنىڭ ۋەكىلى،50 ياشلاردا.

ئىبراھىم : ئۇچتۇرپان ئوردا بەگلىكىنىڭ ئوردا مىرشاپ بېگى،»ئاق تاغلىقلار «نىڭ ۋەكىلى ،47 ياشلاردا.

سۇچىك : چىك خاندانلىقىنىڭ ئۇچتۇرپان بەگلىكىدىكى ئىش باشقۇرۇش ئامبىلى ،45 ياشلاردا.

شىرىپ ئاقساقال :ئۇچتۇرپانلىق سودىگەر، ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خائىنى ،60 ياشلاردا.

يۈز بېشى : چېرىكلەرگە يۈز بېشى ،45 ياشلاردا.

قوشۇمچە روللاردا : سائادەتخان،جاڭ داخەن، ئون بېشى ،ئەمەت بەگ ،ساۋۇت، قوزغىلاڭچىلار ،چېرىكلەر.

## مۇقەددىمە

1765-يىلنىڭ بىشى ،قەھرىتان سوغۇق ،لەپىلدەپ قار يىغىۋاتقان ، بىر ئەتتىگىنى.

ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ سىپىلىغا ياندىش مەھەللە

شەھەر سىپىلى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ئۇنىڭ تەرەپتىن قارىغاندا يىراقتىكى تاغ،يىقىندىكى دەل -دەرەخلەر ۋە قىڭغىر - قىيسىق

ئۆيلەر كۆزگە چىلىقىدۇ.ياندا بىر -بىرىگە ئۇلاپ سىلىنغان ئىككى ئۆي ،ئۇنىڭ ئارقىسىدا مەسچىتنىڭ مۇنارىسى كۆرۈنىدۇ.

ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىكى تىرەككە ياش بىر يىگىت چەمبەرچەس باغلانغان،چاپىنىنىڭ مازلىرى تىتىلغان ،پۇتى يالاڭئاياق،

يۈز ۋە بويۇنلىرىدا قان - داغلىرى،بىشى ساڭگىلاپ كەتكەن .ئىبراھىم مىرشاپ بىگىنىڭ ئۇنىڭغا قامچا دىۋەيلەپ ، «بارامسەن يوق، خۇمپەر » دەپ ۋاقىرىغان ۋاقتىدا پەردە ئىچىلىدۇ.شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سائادەتخان بىلەن كىچىك ئوغلى ،ئىبراھىم مىرشاپىقا يالۋۇرىدۇ.كىچىك بالا نالە قىلىپ يىغلىماقتا.

سائادەتخان : (يىغلاپ ) ئۇدۇنىيا - بۇدۇنىيا رازى بولاي بىگىم.باللىنىڭ دادىسى كىسەللىدىن ئەمدىلا قوپقان .قانداق ھاشار بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا مەن باراي!

ئىبراھىم ئارقىسىغا قايرىلىپ ،سائادەتخاننى تىپىپ تاشلايدۇ.قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇرغان ئىككى بۇۋاي ۋە بىر قىرى ئايال سائادەتخاننى يۆلەيدۇ.

ئىبراھىم : سەنلەرگە ئىيتىپ قويايكى ، ئابدۇللا بەگنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلماي، بەگلىك يەرگە ئىشلەشتىن باش تارتقانلارنىڭ ھالى (باغلاقلىق يىگىتنى كۆرستىدۇ) مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

سائادەتخان : بىر مەزلۇمنىڭ دادىغا يەتسىلە بىگىم ،ھېچ بولمىغاندا قىشتىن ئامان ئۆتىۋالغىچە مۆھلەت بەرگەن بولسىلا.

ئىبراھىم : (كۆلكە ) كۆرۈۋېڭىز سەن ئۆيۈڭدا ياتساڭ بەگلىك يەرنىڭ ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟ (چىرىكلەرگە قاراپ باغلاقلىق

يىگىتنى شەرەت قىلىدۇ) زۇۋان سۈرگىچە ئۇرۇڭلار.

(شۇ چاغدا مېچىت دوقمۇشىدىكى يولدىن بىرنەچچە چىرىك ۋاقىراپ - جاقىراپ گۈلجامالنى سۆرەپ كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يىقىلىپ قوپۇپ يۈسۈپ يۈگۈرۈپ كىلىدۇ، ئادەم كۆپىيىدۇ).

چىرىك : (ئىبراھىمغا ) بۇ ، تۇنۇگۈن شىرىپ ئاقساقال سىلىگە ھاۋالە قىلغان قىزنىڭ ئۆزى.

ئىبراھىم : ( قىزنىڭ ھۆسنى جامالىدىن ھەيران بولىدۇ ) ھىم ،ئىلىپ مىڭىڭلار!

گۈلجامال :(ئېچىنىشلىق ھالدا) دادا!

يۈسۈپ : مىرشاپ بىگى ، سەن كۆپكۆندۈزدە ئادەم بۇلىماقچىما ؟ قىزىمنى قويۇپ بەر!

ئىبراھىم : سەن تېخى ماڭا يانماقچىما ؟

قامچا بىلەن يۈسۈپنىڭ بىشغا بىرنى سالىدۇ.چىرىكلەر كالتەك بىلەن يۈسۈپنىڭ گەجگىسىگە ئۇرۇپ يىقىتىپ قويىدۇ.

يۈسۈپ : ئادالەت!

ئۇ ھوشىدىن كىتىدۇ.گۈلجامال چىرىكلەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ،دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ، شۇ ئارىدا پۇقرالار ئارىسىدا ئۆزگىچە كىيىنگەن بىر قىز - مايىسخان يۈگۈرۈپ كىلىپ ،گۈلجامالنى يۆلەيدۇ. يىنىدىكى بىر قىزغا قاراپ

مايىسخان : سەن بۇ ئەھۋالنى دادامغا خەۋەر قىلىۋەتكىن.

قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ كىتىدۇ، مايىسخان ئورنىدىن تۇرۇپ قەھرى -غەزەپ بىلەن

http://www.uyebook.com

ئىبراھىمغا تىكىلىدۇ. ئىبراھىم ئالاقزادە بولۇپ، كەينىگە داجىيدۇ.

ئىبراھىم : گۈزەل قىز ئىسمى - شەرىپىڭىز كىم؟

مايىسخان : ئىبراھىم مىرشاپ بىگى ! سەن بىرنى تۇتۇپ ، بىرنى باغلاپ ، بۇ زىمىستان قىشتا قاڭغىر - قاقشاپ يۈرگەن كىشلەرنى نىمە قىلماقچى بولىۋاتىسەن ؟ئەگەر قاسىمكامنى(باغلاقلىق يىگىتنى كۆرسىتىدۇ)ئۆلتۈرۈپ قويساڭ يامۇلدا جاۋاپ بىرەلەمسەن

ئىبرھىم ھودۇقۇپ قامچىسنى كۆتىرىدۇ. بىر چىرىك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىلىدۇ.

چىرىك : مىرشاپ بىگى ، بۇ رەھمىتۇللا بەگنىڭ قىزى ، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە ، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالمايلى!

ئىبراھىم (چىرىكلەرگە قاراپ) سىلەر بايا تۇتالىغان گۈلسارە دىگەننى دەرھال يامۇلغا يەتكۈزۈڭلار،(مايىسخانغا دارىتمىلاپ ) ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار كىمكى ئابدۇللا بەگنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلمىسا جاجىسنى يەيدۇ.

ئىبراھىم چىرىكلەر بىلەن سەھنىدىن چىقىپ كىتىدۇ.

مايىسخان : گۈلجامال،گۈلسارەنىمۇ تۇتۇپ كەتتىمۇ بۇ مۇناپىقلار؟

گۈلجامال :شۇنداق ئوخشايدۇ ئاچا.

يىغلامسىرايدۇ.گۈلجامال ئىڭشىپ دادىسنى يۆلەيدۇ،يۈسۈپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ باغلاقلىق يىگىتكە قارايدۇ.قاسىمنىڭ بىشى چۈشۈپ كىتىدۇ.

يۈسۈپ : قاسىم !

ساۋادەتخان : بالام !

كىچىك بالا : دادا !

مايىسخان : ( يۈسۈپ بوۋايغا). تاغا سىز دەرھال ئەسمىتۇللا ئاكامغا بۇ ئەھۋالنى دەپ قويۇڭ، ئۇ گۈلسارەنى قۇتقۇزىۋالسۇن، مەن دادەمنى تاپاي !

http://ilkitap.blogbus.com

يۈسۈپ : رەھمىتۇللا بەگ كەلگەنمىدى ؟

مايىسخان : ئاخشام كەلگەن ئىدى. مەن سەھەردىلا بۇ يەردىكى ھاماملارنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم.

يۈسۈپ بىلەن گۈلجامال، مايىسخان چىقىپ كىتىدۇ.سائادەتخان

بىر نەچچە كىشلەر بىلەن قاسىمنىڭ جەسىدىنى يەرگە ياتقۇزىدۇ. شۇ ئەسنادا رەھمىتۇللا بەگ سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ.

كىچىك ئوغۇل : دادا! (يىغلايدۇ، سائادەتخان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ رەھمىتۇللا بەگنى تونۇپ قالىدۇ.)

سائادەتخان : رەھمىتۇللا بەگ ! (باشقىلار دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ

قول قوشتۇرىدۇ) سىنىڭ جان دوست ئاغىنەڭ قاسىمنى

ئىبراھىم مىرشاپ بېگى ئۇرۇپ ئۆلتىرىۋەتتى. رەھمىتۇللا بەگ ،بۇكۈنلەر

نىمە بولۇپ كىتىۋاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ دەردىنى

تارتامدۇق،ھۆكىمەتنىڭ دەردىنى تارتامدۇق؟سەن بىزنىڭ

ئالدىمىزدا قاسىم بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئىدىڭغۇ؟ سەن

يامۇلدا يۈرگەندە،بىزنىڭ ھالىمىزنىڭ نىمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى

ئويلامىدىغانسەن؟

يىغلاپ سۆزلىيەلمەي قالىدۇ.كىچىك ئوغۇل بالا رەھمىتۇللا بەگنىڭ

پۇتىغا ئىسىلىپ يىغلايدۇ.

كىچىك بالا: دادامنى تېپىپ بېرىڭ تاغا!

رەھمىتۇللا بەگ ئۈن-تىن چىقارماي قاسىمنىڭ قىشىغا بارىدۇ.قاسىمنى ئىككى قوللاپ يەردىن كۆتىرىدۇ.ئاستا قەدەم تاشلاپ سەھنە ئالدىغا كېلىدۇ.ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەلەم،چىرايىدا غەزەپ تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدۇ.مۇزىكا يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرىلىدۇ. گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ.« يالت-يۇلت» قىلغان چاقماق نۇرى ئارىسىدا «مۇلجەر تاغ بورانلىرى» دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ.

پەردە چۈشىدۇ.

## بىرىنچى پەردە

**1765-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى**

**ئۈچتۇرپان ھاكىمى ئابدۇللانىڭ مەھكىمىسى**

ئابدۇللا كۆرەڭلىك بىلەن ئولتۇرغان،باشقىلار ئېگىلىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەن ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ،مۇزەپپەرنىڭ يارلىق ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

مۇزەپپەر: خان ئالىلىرىنىڭ پەرمانى : ھەربىر ئەمەلدار بىيەنتاخەي ئارقىلىق ئۈچتۇرپان ھاكىم بېگىگە مەلۇم بولغايكى،خاننىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇپ ئوردا كىنىزەكلىكىگە ئەۋەتىلگەن گۈل ھەسەلخاننىڭ ئارزۇسىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن،باھار كىلىشتىن بۇرۇن پايتەختكە جىگدە دەرىخى يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن.بۇنىڭغا ساداقەتمەن بولغانلار مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇپ،باش تارتقانلار جازاغا تارتىلسۇن.1764-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى.

يارلىق تۈگىشى بىلەن ئابدۇللا تەكەببۇرانە ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ئابدۇللا : خان ئالىلىرىنىڭ ئەمرى ئاتقان ئوقتۇر.بىزنىڭ روزىغارىمىز خان ئالىلىرىنىڭ مېھرى-شەپقىتىدىن پۈتكەندۇر،مېنىڭ شۇتاپتا ھەر قايسىڭلارنىڭ خان يارلىقىغا قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلگىم كېلىدۇ.

ھەممەيلەن جىمجىتلىققا چۆكىدۇ.مۇزەپپەر خوشامەتكۈيلۈق بىلەن سۆز ئالىدۇ.

مۇزەپپەر : بۇ يارلىقنىڭ ئەۋەتىلىشى خان ئالىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئابدۇللا بىگىمگە قىلغان ئىلتىپاتى،مەن ئۆزلىرىنىڭ خان ئالىلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكلىرىنى تەرىپلەشكە ئاجىزلىق قىلساممۇ، لېكىن ئۆز تۆھپەم قاتارىدا خان ئوردىسىغا يەنە بىر قىز تالالاپ ھەدىيە قىلىشنى

http://ilkitap.blogbus.com

كۆڭلۈمگە پۈكۈۋاتىمەن.

ئىبراھىم : ئاقىل،ئاقىل (سۇچىڭغا قاراپ) ئات ئىگىرى بىلەن، ياغ جىگىرى بىلەن دىگەنىدەك،پىقىر مەزكۇر ماڭغۇسى قىزغا قوشۇپ، يەنە ئالتۇن-كۈمۈش ھەم ئات- كالا ئەۋەتىشنىمۇ تەۋسىيە قىلاتتىم.(سۇچىڭ ھىجىيىپ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭىدۇ)

سۇچىڭ : سىلەردە مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دىگەن سۆز بار. مەن مۇزەپپەر ئىشان بىلەن خوجا ئىبراھىمنىڭ ھالىتىدىن خۇددى ھايات ئاپاق غوجىنى كۆرگەنىدەك بولىۋاتىمەن. مەن ھەربىرىڭلارنىڭ شۇ ئىتائەتمەنلىكىڭلار توغرىسىدا نامە يازدۇرۇپ خان ئالىلىرىغا يوللىغايمەن. (قاقاھلاپ كۈلىدۇ.)

مۇزەپپەر : (تازىم بىلەن) قۇللۇق،دارىن جاناپلىرى ! پىقىرنىڭ ئەرزىمەس نامىنى شاپائەتلىك تىللىرىدا ئاتاپ ئۆتكەنلىكلىرى ئۈچۈن مىڭلارچە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئابدۇللا : (مۇزەپپەر بىلەن ئىبراھىمغا قاراپ ) يامۇلنىڭ نىننى بىكارغا يىمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن خوشالمەن.

سۇچىڭ : بۇ سىلەردىكى « بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر، موللىدىن ئىلىپ ئوردىغا بەر» دىگەن سۆزنىڭ نەق ئۆزى.مۇشۇنداق ئادەملەر قانچە كۆپ بولسا،خان ئالىلىرىنىڭ بەركاتى تۈگمىگەي،دۆلەتكە ئاسايىشلىق بولغاي.

(ئابدۇللا يامۇلنىڭ مىرزىسى رەھىمگە بۇيرۇيدۇ.)

ئابدۇللا : مىرزا ! بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى دەرھال مەھكىمە تارىخىغا پۈتكەيسىز.

مىرزا رەھىم : (ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم بىجا كەلتۈرگەنىدىن كىيىن ئۆزىنى رۇسلاپ) ھۆرمەتلىك بېگىم،ئۆمرۈمنىڭ ئاخىردا شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتەيكى: ئۆزۈڭىدىن بۇيان ئۈچتۈرپان تارىخىغا پۈتۈلۈپ كەلگەن

شەرمەندىچىلىكلەر كىشىنى چىداپ تۇرغۇسىز ھالغا يەتكۈزدى.مۇنداق تۇرۇقلۇق ۋىجدانىغا ئازاب، مىللەتكە ھاقارەت ئېلىپ كېلىدىغان مۇنداق نۇمۇسسىز ئىشنى ئويلىشىپ بېقىشنى ئۆزلىرىگە تەۋسىيە قىلىمەن.

ئابدۇللا : (قىتىپ قالىدۇ)سىز خان ئالىلىرىنىڭ يارلىغىدىن باش تارتماقچىما؟

مىرزا رىھىم : شۇنداق.(ئولتۇرغانلار جايىدىن قوپۇپ،ئالدىغا چىقىدۇ) مەن بۇ خۇسۇستا جاناپلىرىغا ئىككى كەلىمە سۆز قىلماقچىمەن.رۇخسەت بولىسا،(سۇچىلىك «سۆزلىسۇن» دىگەنەدەك ئىشارەت قىلىدۇ)

ئابدۇللا : قېنى !

مىرزا رىھىم: بىزدە ھەركىمنىڭ دەردى ئۆزى ئۈچۈن تۆكىدىن يوغان دەيدىغان تەمسىل بار.ھازىر ئۈچتۈرپان خەلقى ساناپ تۈگەتكۈسىزئالۋاڭ-ياساق دەستىدىن ئاران ئۆرە تۇرىۋاتىدۇ.بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى،قان-تەر بىلەن تاپقان روزىغارىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بولساق قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتىشىپ كىتەرمىكەن؟

مۇزەپپەر : مىرزا،سىز غەليان كۆتەرمەكچىمۇ؟

مىرزا رىھىم: (زەردە بىلەن) يوقسۇ! مۆھۆردار بىگىم.يوقسۇلنى قاقشاتمايدىغان ئىشىڭىز بولسا،ئۆز قىزىڭىزنى تارتۇق قىلىسىڭىز بولمامدۇ؟ئەلۋەتتە سىز بۇنىڭغا ئۇنىمايسىز مۇشۇنىڭدىنلا سىزنىڭ خان ئالىلىرىغا سادىق ئەمەسلىكىڭىزنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.(ئىبراھىمغا قاراپ) سىزمۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى چۆنتىكىڭىزدىن بەرمەيسىز!شۇنداقمۇ؟

ئىبراھىم : بۇنى....(دۇدۇقلاپ سۆزلىيەلمەي قالىدۇ)

ئابدۇللا : مىرزا،ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ!

مىرزا رىھىم: (پىسەن قىلماي)ئەھلى پۇقرانىڭ قىزىنى زورلۇق بىلەن ئوردىغا تارتۇق

قىلىش،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن- كۇمۇش،ئات-كالىلارنى سوغا قىلىش بۇلارنىڭ بەدىلىگە تىخمۇ زور مەنسەپكە ئىگە بولۇش- خەلققە قىلىنغان ھاقارەت !

ئابدۇللا : تىلىڭنى تارت،ئەبلەخ !

مىرزا رىھىم: مەن تىلىمنى تارتقان بىلەن،سۆزلەيدىغان ئادەم ئازلاپ قالمايدۇ.ئۇچتۇرپان خەلقى ئۆزۈڭدىن بۇيان زۇلمەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۇردى.مەرىپەت ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار ئۆچۈپ،ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.ئەمدى ئۇلار كۆرمىگەن مۇشۇ خورلۇق قالدىمۇ؟ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك بىگىم.

ئابدۇللا : ئۈنۈڭنى ئۆچۈر مۇناپىق!

مىرزا رىھىم: مېنىڭ ئۈنۈم ئەمدى ئۆچمەيدۇ بىگىم ،ئىسكىزدە بولسۇن،ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار.مۇنداق ناھەقچىلىق،قانخورلۇق بىلەن تولغان زامان، ھامان بىر كۈنى گۇمران بولىدۇ.(ئابدۇللا بىلەن سۈچىك ئالاقزادە بولىدۇ)

ئابدۇللا : جاللات !

ئىككى چېرىك كىرىدۇ،مىرزا رىھىمنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتىدۇ.بۇ چاغدا «دات ! ئادالەت،ھىمايە » دەپ ۋاقىرىغان ئاۋاز بىلەن يۇسۇپ يىقىلىپ قوپۇپ مەھكىمە ئىچىگە كىرىپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا يۈكۈنىدۇ.

يۇسۇپ : دات ! ئابدۇللا بىگىم !

ئابدۇللا : نېمە گەپ؟سەن نېمە ئادەم؟سۆزلە!

يۇسۇپ :ئابدۇللا بىگىم كۆپ-كۈندۈزدە پۇقرالارغا قىلىنغان بۇلاڭچىلىقتىن ئەرز-ھال ئېيتىپ كەلدىم.

ئابدۇللا :(غەزەپ بىلەن ) سەن......سەن؟

يۇسۇپ : ھۆرمەتلىك بىگىم پېقىر يۇسۇپ ئوتۇنچى بولىمەن.بۈگۈن ئەتتىگەندە سۇ

دارىنىڭ بەگزادىسى ئىككى ئادىمى بىلەن كېلىپ قىزنى ئامنەنى بۇلاپ كەتتى.ئوغلۇم شانىياز مۇشۇ ۋەجىدىن باغلاقتا چۈشتى.بۇلارغا ھىمايە بولۇپ،ئازاد قىلىشلىرىنى سورايمەن! (سۇچىك ئالاقزادە بولىدۇ)

مۇزەپپەر :ئالجىۋاتەمسەن؟بەگ ھوزۇرىدا يالغان سۆزلىگەنلەرنىڭ تىلى كېسىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

سۇچىك :سەندەك بىر قەلەندەرنىڭ بىر قىزى ئەمەس،ئون قىزى بولسىمۇ ئوغلۇمنىڭ قانداق قىلىشى ئۆزئىختىيارىدىكى ئىش .يوقال بۇيەردىن!

ئابدۇللا: سۇدارىنغا تىل تەككۈزگەن بۇقىرىنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار!(چىرىكلەر يۈسۈپنى سىرىتقا ئىتتىرىدۇ)

يۈسۈپ :ئابدۇللا بەگ!مەن سەنلەردىن ئادالەت،ھىمايە ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم،لېكىن بۇيەر ئادەلەتسىزلىكنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن.

مىرزا رىھىم : ھا!ھا!ھا!............

مۇزەپپەر : مىرزام،بىر گاداي كۆز ئالدىمىزدا غەليان كۆتىرىۋاتسا سىز غەزەپلەنمەستىن ئەكسىچە كۈلىسىزغۇ!

مىرزا رىھىم: بۇۋاينىڭ دات پەريادىغا سىلەرنىڭ بەرگەن جاۋابىڭلار خەلق ئىچىدىكى بىر سۆزنى ئىسىمگە سىلىۋاتىدۇ. «رەھىمسى يوق ئادەمدىن رەھىمسى بار ئىت ياخشى».

ئابدۇللا :جاللات !بۇ ئىككى مۇناپىقنى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ شەھەردە سازايى قىلدۇرۇڭلار. ئاندىن زىندانغا تاشلاڭلار!

جاللاتلار: باش ئۈستىگە !

جاللاتلار بۇلارنى باغلاشقا تەمشەلگەندە،سىرىتتىن «رەھمىتۇللا بەگ كەلدى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.سۇچىك سىرىتقا چىقىپ كىتىدۇ.رەھمىتۇللا كىرىپ كېلىدۇ.

رەھمىتۇللا :توختاڭلار!(ئابدۇللاغا قاراپ)پەرمانلىرى بويىچە يېتىپ كەلدىم.(تازىم

بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن جاللاتلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىرزا رىھىم ۋە يۇسۇپ بۇۋاينى كۆرۈپ ھەيران بولىدۇ)بۇلار بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويمىغاندۇ بېگىم؟

ئابدۇللا :بۇ ياماۇلنىڭ ئىشى،كارىڭىز بولمىسۇن.سىز پايتەختكە جىگدە كۆچىتى ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل بولىسىز.شۇڭا سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۆيىدىكىلەر بىلەن جەم بولىۋالسۇن دەپ چاقىرتتۇق.

رەھمتۇللا: مىرزام سىلى نېمە ۋەجىدىن بۇھالغا چۈشۈپ قالدىلا؟

مىرزا رىھىم:بۇ بۇۋاي (يۇسۇپنى كۆرسىتىپ) بىگۇنا بۇلاپ كىتىلگەن قىزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەھكىمىگە ئەرز قىلىپ كەلگەن ئىكەن.ئەپسۇسكى ،جاھالەت ئادالەتتىن ئۈستۈن كەلدى.مەن بولسام ئۈچتۇرپان خەلقىگە تىگىلگان ئادالەتسىزلىك ،شەرمەندىچىلىككە چىداپ تۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇ ئاقىۋەتكە دۇچار بولدۇم!

رەھمتۇللا :(ئابدۇللاغا قاراپ)ھۆرمەتلىك بېگىم،مىرزا رىھىم ئون بەش يېشىدىن باشلاپ ياماۇل ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراشقا كۆپ ئەجىر قىلغان ئىدى. ئۆزلىرى قۇمۇل ئىقلىمىدىن بۇ جايغا كەلگەنلىرىگە قەدەر ئۆتكەن ھەممە ھاكىملار ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئىشلەتكەن،شۇڭا بۈگۈن ئۇنىڭ گۇناينى كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن.

مۇزەپپەر: مىرزا رىھىم خان ئالىلىرىغا تىل تەككۈزۈپ،ئابدۇللا بىگىمگە قول شىلتىدى.شۇڭا ئۇنىڭ تىگىشلىك جازاغا تارتىلىشى ھەق.

ئىبراھىم :ھۆرمەتلىك بېگىم ياماۇلنى مىرزا رىھىمدەكلەردىن تازىلىمىغاندا بىزگە تىنىچلىق يوقتۇر.

رەھمتۇللا: (ئابدۇللاغا قاراپ)مەن ياماۇل نەۋكەر باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى دىمەكچىمەنكى:سەپەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئىككى

بىگۈنىنىڭ باغلانغانلىقىنى كۆرۈشۈم،كۆڭلۈمنى ئەندىشىگە سىلىپ قويدى.بۇ سەپەرنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

مۇزەپپەر :خان ئالىلىرىنىڭ پەرمانىغا قارشى قول كۆتەرگەنلەرنى زىندانغا سىلىش سەپەرىمىزنىڭ ياراشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئىبراھىم :بۇ جەڭدىن بۇرۇن قان ئىېقىتىپ،ياغ پۇراتقاندەكلا ئىش،تولا خاۋاتىرلەنمەڭ !

رەھمىتۇللا: بىز يامۇل ئەھلى ئىككى بىگۈنىنىڭ قىنىنى ئىېقىتىساق پۇلتۇن ئۇچتۇرپان خەلقى بىزنى قۇربانلىق قىلمىسۇن يەنە ئويناپ سۆزلىگەندىمۇ ئويلاپ سۆزلەش كىرەك.

ئىبراھىم :رەھمىتۇللا بەگ،سىزنىڭ گۇنادىن چەتنەپ ياخشىلىقىا ماڭمىغىڭىز ۋاجىپتۇر.

مۇزەپپەر: رەھمىتۇللا بەگنىڭ بۆلارىڭ گۇنايىغا شىرىك بولۇشى....

رەھمىتۇللا: (ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ)ئەگەر مىرزىنىڭ ئىيىتقانلىرى گۇناھ بولىدىغان بولسا مىنىڭ ئەلۋەتتە مۇنداق گۇناغا شىرىك بولمىغىم لازىمدۇر.

ئابدۇللا :«گىزى كەلگەندە ئاتاڭنىمۇ ئايىما» دىگەن گەپ بار. مىنىڭ قىلىچىم ۋاقتى كەلگەندە ئۆزئادىمىنىمۇ تونىمايدۇ، رەھمىتۇللا!

رەھمىتۇللا: (غالىبانە قىياپەتتە)«كىششىدىن ھايا كەتسە ئورنىغا بالا كىلۇر» دىگەن گەپ بار.قىنى قوللىرىدىن كەلسە كۆرەرمىز.

ئىبراھىم : رەھمىتۇللا سەن ؟

قىلىچىنى سۇغۇرىدۇ.بۇنى كۆرگەن رەھمىتۇللامۇ زەربىگە تەييارلىنىدۇ.ئىشنىڭ يامانلاشقانلىقىنى سەزگەن سۇچىك كىرىپ ئارىغا چۈشىدۇ.

سۇچىك : نىمە گەپ ئۆزى؟(ئابدۇللاغا قاراپ)رەھمىتۇللا بەگ بۇ ئىككىسىنىڭ گۇنايىنى تىلىگەن بولسا مەيلى،رەھمىتۇللا بەگنىڭ دىگىنىدەك

بولسۇن،سەپەر ئالددا ئۇنىڭ دىلىنى چىگىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟

ئابدۇللا :(جاللاتلارغا) چىقىپ كېتىڭلار!(تۆت نەپەر چېرىك چىقىپ كىتىدۇ) رەھمىتۇللا بەگ سىزگىمۇ رۇخسەت.(رەھمىتۇللا بەگ مۇزەپپەرگە ئالىيىپ چىقىپ كىتىدۇ)

سۇچىك : رەھمىتۇللا ناھايىتى خەتەرلىك ئادەم.

ئابدۇللا :شۇنداق،سۇدارىن،جاناپلىرى بۇنى بىلىپ تۇرۇپ كۆز ئالددىمىزدا قويۇۋىتىشلىرى نىمە ئىش؟

سۇچىك :(مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ) ئەقلىڭىز كەم ئىكەن. ئاچچىققا تايانسا ئىش بۇزۇلىدۇ.بىزنىڭ خاندانلىغىمىزدا مۇنداق ئاقىل سۆز بار «دۈشمىنىڭنىڭ يۈرىگىنى مۇجۇپ،كۆڭلىنى ئال».سىز بۇگەپنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىۋىلىڭ! بۇنى ئۇقمىسىڭىز مەنسەپ تۇتالمايسىز.

مۇزەپپەر : دارىن جاناپلىرى نىمە دىگەن ئەقىللىق ھە!

ئابدۇللا :(خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن)جاناپلىرىنىڭ ئەقلىنى ئەمدى چۈشەندىم.رەھمىتۇللانى سەپەر ئۇستىدە ئۇستىلىق بىلەن كۆزدىن يوق قىلىش كىرەك.(سۇچىك مەنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلىدۇ.)

ئىبراھىم :مانا بۇدىگەنلىرى دانا پىلان بولدى.

ئابدۇللا : مىرشاپ بەگ!

ئىبراھىم : خوش !

ئابدۇللا : يۈسۈپنى دەرھال جىگدە سەيىسىگە تۇتۇڭلار! رەھمىتۇللا جىگدە سەپىرىگە ماڭغاندىن كىيىن مىرزا دەرھال زىندانغا تاشلانسۇن!

ئىبراھىم : خوپ !

(پەردە چۈشىدۇ)

## ئىككىنچى پەردە

**1765-يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى (چىيەنلوڭنىڭ 30- يىلى ) ئىلقىچى دۆڭ ئەتراپى .**

**چوڭ -كىچىك دۆڭلۈكلەر بىلەن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر نەچچە تۈپ دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.ئاسمان بۇلۇت پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان.شۇئىرغان ئاۋازى بىر كۈچىيىپ بىر ئاجىزلىشىدۇ.ئومۇمى خور بىلەن پەردە ئېچىلىپ،جىگدە سەيىسىسگە تۇتۇلغان كەمبەغەل ھاشارچىلار،يېتىم -يېسىرلار جىگدە كۆچىتى بىسلىغان ھارۋىلارنى سۆرىگەن ھالدا ئېغىر قەدەم تاشلاپ سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ.بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بوينىلىرىدا بويۇنتۇرۇق،بەزىلىرىنىڭ بوينىلىرىدا ئۇزۇن ئارغامچا.سەھنىنىڭ ئاخىرقى پىرىمدا بىر نەچچە يىرىم يالىڭاچ كىشلەرنىڭ ھارۋا ئىتتىرىۋاتقان ئاجىز گەۋدىلىرى كۆرۈنىدۇ.ئارقىدىن بىر نەچچە مانجۇ ئەسكەرلىرى،قامچا كۆتىرىپ ئۇرۇپ كىلىۋاتقان ئۇيغۇر يايىلىرى كۆرۈنىدۇ.خور ئاياقلىشىش بىلەن بىر نەچچە چىرىك ھاشارچى دىھقانلارنىڭ گەجگىسگە قامچا سالىدۇ.قامچا زەربىسگە چىدىمىغان يۈسۈپ دۈملاپ كىتىدۇ.شانىياز بۇۋاينى يۆلەيدۇ.**

**شانىياز: دادا !**

**يۈسۈپ: ئوغلۇم،چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...(يىراقلاشقان چىرىككە قاراپ)بۇۋەھشى ھايۋانلارغا قىرى جىنىمنى تىكىپ قويىدۇم. (ھوشىدىن كىتىدۇ.)**

**شانىياز: دادا! (يۈسۈپ كۆزىنى ئاچىدۇ،شانىياز ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ.يۈز بېشى كىرىپ كېلىدۇ.)**

**يۈزبېشى : ئون بېشى بۇياققا كەل.(سەھنىنىڭ بىر چىتىگە قاراپ قول ئىشارىتى قىلىدۇ.ئۇ كېلىدۇ.)**

**يۈز بېشى:ھازىر قەيەرگە كەلدۇق؟**

**ئون بېشى:«ئىلقىچى دۆڭ» دىگەن يەرگە كەلدۇق.ئەتىنگەندىن بىرى ئەللىك**

چاقىرىم يول باستۇققۇ دەيمەن.

يۈزبېشى: قول ئاستىڭدىكى لەشكەرلەرگە ئېيت ،بۇئادەملەرنى تېز ھايداپ ماڭسۇن،مۇنداق مېڭىپ بەش كۈندە كۇچارغا يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ.قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ئۆزجايىدا ئەدىۋىنى بېرىڭلار!سۆرەلمىلىك قىلساق خاننىڭ قىلىچى بىزنىمۇ تونۇماي قويىدۇ.چۈشەندىڭمۇ!

ئون بېشى: خوش تەقسىر(بىر ئاز تۇرىۋېلىپ)ھېلقى رەھمتۇللا دېگەن ھاشارچىلارنى ئۇرۇشمىزغا يول قويمايۋاتىدۇ.

يۈز بېشى:رەھمتۇللا؟(چىشىنى غۇچۇرلىتىپ)بۇگۈن كېچە تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن سەن لەشكەرلەردىن بەش كىشىنى ئېلىپ مېنىڭ تۇرار جايىمغا كەل. ئىش بار.

ئون بېشى:خوش بېگىم.

(يۈزبېشى بىلەن ئون بېشى چىقىپ كېتىشى ھامان ھاشارچىلار توختاپ تاش ۋە دەرەخ كۆتەكلىرىگە يۆلىنىدۇ.)

يۈسۈپ نىمەدېگەن ئېغىر كۈن بۇ؟زۇلۇم قۇشى بىشىمىزدىن ئۇچۇپ، زۇلمەت تاغلىرى گەجگىمىزدىن باسقىلى تۇردى.چەنلۇڭ خاننىڭ بۇيرۇقى نەدىن كەلدى-ھە؟(كۆز يېشى قىلدۇ)

شانىياز: (دادىسىغا قاراپ)دادا،بۇنىڭ ھەممىسى گۈلھەسەل دېگەن خوتۇننىڭ ئىشى،خېنىمنىڭ قورسىقى توق،قۇلى بىلەن ئىشى يوق دېگەندەك،ئۇ ئوردىدا قىلغىلى ئىش تاپالماي،ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتەردىمۇ نىمە؟

يۈسۈپ: خاتا ئويلاپسەن ئوغلۇم!گۈلھەسەلمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى ئۇ ئەسلىنى ئۇنتۇيدىغانلاردىن ئەمەس،ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇق بىلەن خان ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن،ئۆزىنىڭ تۆمۈر قەپەزدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ،خانغا تۆمۈرتەنلىك،كۆمۈش ياپراقلىق ئالتۇن مېۋىلىك بىر دەرەخ

تىپىپ كىلىشنى ئىلتىماس قىلغان، بىلەمسەن بۇ گۈلھەسەلخاننىڭ ئۆز ۋەتىننى سىغىنغانلىقىنىڭلا ئالامىتى.بۇنى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولسۇن.(بۇۋاينىڭ دىمى سىقىلىپ يۆتىلىپ كىتىدۇ.)

ھاشارچى:جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا،ئابدۇللا دىگەن ئەبلەخ بۇ ئارقىلىق خاندىن تىخمۇ زور ئىنئام ئالماقچى.بىزنىڭ قان-تەرىمىز بەدىلىگە ئۆزى باي بولماقچى.

سەھنىنىڭ ھاشارچىلار كىرگەن تەرىپىدىن سائادەتخان تەستە مىڭىپ كىرىدۇ.بىر چىرىك قولىدىكى قامچا بىلەن ئۇنىڭ غولىغا بىرنى سالىدۇ.

چىرىك ئا:چاپسان ماڭ. ھۇ ئۆلۈمتۈك!

سائادەتخان قامچا زەربىدىن يەرگە دۇمۇلايدۇ.يەنە بىر چىرىك ئولتۇرغانلارنى قامچىلايدۇ.

چىرىك ب:ماڭمامسەن سۆرەلمە ئىشەكلەر؟ئۆلگىڭ كىلىشتىمۇ يە؟

يەردە ياتقان سائادەتخان قولىدىكى تاياقتا تايىنىپ،قوپۇپ بۇ چىرىكنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ،قولىدىكى تاياق بىلەن بىرنەچچىنى سالىدۇ.

سائادەتخان :يىرتقۇچ ھايۋان!

چىرىك قىلىچىنى يالىڭاچلاپ سائادەتخاننىڭ قوسقىغا تىقىدۇ.سائادەتخان «ۋايجان» دەپ يىقىلىدۇ.يۈسۈپ شانىياز باشلىق ھاشارچىلار چىرىكنىڭ ئالدىغا ماڭىدۇ.بىر چىرىك قىلىچىنى يالىڭاچلاپ شانىياز بىلەن ئېلىشىدۇ.چىرىلەر كۆپىيىدۇ. قۇرۇق قول ھاشارچىلار بۇنىڭغا تەڭ كىلەلمەي.شۇ چاغدا يۈز بېشى يىتىپ كېلىدۇ.

يۈز بېشى: (چىرىكلەرگە قاراپ) بۇلارنى دەرھال باغلاڭلار.خان لەشكەرلىرىگە مۇشت كۆتەرگەنلەرنىڭ بىشنى ئېلىش لازىم.(يۈسۈپ بىلەن شانىياز باغلىنىدۇ) بۇ ئىككىسىنى دەرەخكە باغلاپ،ئوق –ياغا تۇتۇڭلار!

چېرىكلەر ئاتا-بالا ئىككەيلەننى سەھنە ئوتتۇرىسىدىكى قاقشال دەرەخكە باغلايدۇ.

يۈسۈپ: ئىتلار!ئادەمخور ھايۋانلار!بۇلايدىغاننى بۇلاشتىڭ،ئەمدى ئادەم

ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟(ھاشارچىلارنى كۆرسىتىپ) سەنلەر بۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلەمسەن؟

يۈز بېشى: ئاغزىڭنى يۇم!(چېرىكلەرگە قاراپ)ئۇقياچىلارنى چاقىرىڭلار.

يۈسۈپ :توختا ئالدى بىلەن رەھمىتۇللا بەگ كەلسۇن،بىزنى ئۆلتۈرسە رەھمىتۇللا ئۆلتۈرسۇن.

ھاشارچىلار جىددىلىشىدۇ.چېرىكلەرنىڭ ئوق ياچىلىرى كامانغا ئوق سالىدۇ.

يۈز بېشى: تەييارلىنىڭلار!قوۋم يىغىلىپ تاش بولماس،قۇل يىغىلىپ باش.قېنى سەنلەرنىڭ قانچىلىك ئىش تەۋرىتەلەيدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي !

ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن تەڭ رەھمىتۇللانىڭ«توختا !» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.توپ ئىچىدىن «رەھمىتۇللا بەگ كەلدى» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

يۈسۈپ: رەھمىتۇللا بەگ ! (غالىبانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە رەھمىتۇللا سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ)

رەھمىتۇللا: يۈز بېشى ! بۇلار بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ،خاننىڭ يارلىغىنى دەپ ئىشلەۋاتسا،بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟مۇشۇنداق قىلساڭ جېگدىنى قاچان يەتكۈزىمىز،بۇلارنى دەرھال ئازاد قىل!

يۈز بېشى:رەھمىتۇللا بەگ.بۇلار خان لەشكەرلىرىگە تىغ كۆتەردى.سىزنى كۆزگە ئىلمىدى.

يۈسۈپ: مۇتىھەم!كىم-كىمنى كۆزگە ئىلماي كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟قارا ئۆيەرگە (سائادەتخاننىڭ جەسىدىنى كۆرسىتىدۇ) قانغا مىلىنىپ ياتقان كىم؟

شانىياز:جاھالەت ئوچۇغىنىڭ قارا تۈتۈلىرى!سەنلەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىشىڭگە رۇخسەت،بىزنىڭ گەپ قىلىشىمىزغا يول يوقما! بۇ ئادەلەتسىزلىك،تەڭسىزلىك بولماي نېمە؟

يۈسۈپ: رەھمىتۇللا بىگىم،قاراڭ تېخى قورسىقىدا تۇغۇلمىغان بالىسمۇ بارئىدىغۇ؟(سەھنىنىڭ ئارقىسىغا بىرىپ قارايدۇ).

هاشارچىلار:رەھمىتۇللا بەگ !

رەھمىتۇللا: ئايالنى ئۆلتۈرگەن كىم؟

يۈز بېشى: رەھمىتۇللا بىگىم!خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇش ئالدىدا قىزىق قانلىق قىلماڭ.بىز بىلەن كىتىۋاتقان سۇدارىنىڭ بەگزادىسىنى ئۆنتۈپ قالماڭ.بۇ بىر نەچچە ئادەمنىڭ بېشىنى ئېلىش بىر نەچچە قۇچقاچنىڭ بېشىنى ئالغان بىلەن تەڭ.ئەگەر سىزنىڭ كۆشكۆرتىشىڭىز بىلەن بەگزادىگە زىيان-زەخمەت يىتىپ قالسا ئوردىدىن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلغىلى ئادەم چىقماي قالارمىكىن؟.

رەھمىتۇللا يۈز بېشىنىڭ ئاخرقى سۆزىدىن كېيىن كېيىن قىلىچىنى چاققانلىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ،ئالدىدىكى چېرىكنىڭ قوسقىغا ئۇردىۇ.قالغان چېرىكلەر قىلىچ،نەيزە بىلەن رەھمىتۇللاغا تاشلىندۇ.رەھمىتۇللانىڭ ئىككى نەۋكىرى قاتتىق ئېلىششقا چۈشدۇ.ھاشارچىلار تاش،كالتەك بىلەن ئوق ياچى چېرىكلەرگە ئېتىلدۇ.

نۇر كۆچىيىپ مۇزىكا ھەيۋەتلىك چىلىندۇ.بىردەملىك قىلىچۋازلىقتىن كېيىن چېرىكلەر بىرنەچچە ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ يۈز بېشىنى ئېلىپ چېكىندۇ.رەھمىتۇللا ئۇلارنىڭ ئارقىسدىن يۈگۈردۇ.ھاشارچىلار ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ قىلىچ،نەيزىلىرى بىلەن قوراللىندۇ.سىرتتىن ئۇر-چاپ ئاۋازى كۆچىيىپ،دۇپۇلەپ كىلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىندۇ.شۇئان رەھمىتۇللا سىرتتىن يەنە بىر چېرىك بىلەن قىلىچلىشىپ كىرىپ جىددى ئېلىشقاندىن كېيىن چېرىكنى يەرگە يىقىتدۇ.سىرتتىن ھاشارچىلار كىرىپ كېلىدۇ.رەھمىتۇللا كۆپچىلىككە قاراپ.

رەھمىتۇللا: قېرىنداشلار،چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى.تىخى يىقىندىلا كۇچارخەلقى مانجۇلارنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە يەرلىك ھاكىملارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى قوزغالغان ئىدى.بىز ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭمۇ ھەسرەت-نادامەتتە ياشاۋىرىشىمىزنىڭ ئورنى يوق. توشقاندەك يۈز يىل ياشغۇچە يولۋاستەك بىركۈن ياشايدىغان ۋاقتىمىز كەلدى!

http://ilkitap.blogbus.com

هاشارچىلار: يېتىپ ئۆلگىچە،ئېتىپ ئۆلىمىز!

يۇسۇپ: رەھمىتۇللا بەگ،ئۆزۈڭ ئوردىدا بولساڭمۇ كۆڭلۈڭ پۇقرادا ئىدى.ئوردىدا سەن ئۇچۇن گەپ قىلىدىغان ئادەم بولمىسا سېنىڭ گېپىڭنى بىز قىلىمىز.بىزبۇگۈن زۇلۇم ئەزرائىلىغا قارشى قوزغالدۇق.يا شەھىت بولىمىز يا غازى.مۇشۇ يولدا ئۆلسەك جېنىمىزغا رازى.

شانىياز:رەھمىتۇللا ئاكا،مۇشۇ يەردىلا بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بار شەھەر ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ،ئوتنىڭ تىشىدا كۆيگىچە ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈش كېرەك.

غوزغىلاڭچى ئا:شۇنداق!ئۆتكۈر قىلىچىمىز بىلەن ئەقىل پاراستىمىز بولىدىكەن،ئەزرائىل ئوردىسىدىن دېۋىلەر پادىشاسىنى تۇتۇپ چىقىمىز.ئاشۇ ئابدۇللا دېگەن بىلەن سۇ دارىن دېگەننىڭ ئەدىۋىنى بىرىش كېرەك.

يۇسۇپ :(رەھمىتۇللاغا قاراپ)ئۇكام رەھمىتۇللا،سەن دېگەندەك قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى بولغىچە،باتۇرنىڭ چومىقى بولىمىز. بۈگۈندىن باشلاپ سەن بىزنىڭ ھەقىقى سەردارىمىز.

هاشارچىلار :ئەمىر بەرگەيسىز.

يۇسۇپ:قېرىنداشلار توپ ئىچىدىكى ئاجىز-مىيىپلار ئۆز جايىڭلارغا قايتىڭلار.قالغانلار سەردارغا ئەگىشەيلى.

سەھنىنىڭ ئارقىسىدىن كەكە ساقال،توكۇر بىركىشى ئاقساقلاپ چىقىپ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

توكۇر كىشى:يۇسۇپ!ماڭا ئوخشاش ياش كىشىنىمۇ توپتىن ھەيدىمەكچىمۇ سەن.مەن توكۇر بولدۇم، بۇ راست. لىكىن مۇشۇ پۇتۇمنى كىم توكۇر قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟(ئاچچىق ۋە ئىچىنىش بىلەن) ھەي ئابدۇللا! قانخور زالىم!ياق! مەن توپتىن قالمايمەن. ھېچبولمىغاندا چېرىكلەرنىڭ ئۆتەر يولىغا تاش يۇمۇلىتىپ بىرەلەيمەن.

هاياجانلىق مۇزىكا ساداسى بىلەن رەھمىتۇللا توپقا يېقىنلىشىپ يۇسۇپ ۋە توكۇر

كىشىنىڭ قولىنى قەدىردانلارچە سىقىدۇ.

رەھمىتۇللا:رەھمەت بۇۋا!غەيرىتىڭلارغا رەھمەت.(تاھىر يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.)

تاھىر: رەھمىتۇللا ئاكا! (بىر قەدەم توختىۋېلىپ )بىز شەھەر خەلقى ئەسمىتۇللا ئاكامغا ئەگىشىپ،سىزنى كۈتۈپ تۇرمايلا قوزغىلىپ شەھەرنىڭ قەشقەر دەرۋازىسىنى ئىگەللىدۇق.

رەھمىتۇللا: ياخشى!

تاھىر: يولدا بىر مەپە شەھەر تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىۋاتىدۇ.سىزگە تىزراق خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈنىڭغا تەگمىدۇق.

قوزغىلاڭچى:ھۆرمەتلىك سەردار!سۈچىڭنىڭ بەگزادىسى قېچىپ كىتىپتۇ.

رەھمىتۇللا:ئۇھچىيەرگە قېچىپ كىتەلمەيدۇ.تاھىرجان،شانىياز! ئاۋۇ جايدا چىرىكلەردىن ئولجىغا چۈشكەن ئاتلار بار،يىگىتلەر خالىغانچە تاللىۋالسۇن!دەرھال شەھەر قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىڭلار!

شانىياز ۋە تاھىر :بولىدۇ(ئىككەيلەن مىڭىشقا تەمشىلىدۇ)

رەھمىتۇللا:توختاڭلار!سىلەرنىڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىڭلار، شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كىيىن،زىندانىنى ئىگەللەپ قىرىنداشلارنى ۋە مىرزا رېھىمنى ساق-سالامەت قۇتۇلدۇرۇش ئۇقتۇڭلارمۇ؟

شانىياز:ئۇقتۇق! (چىقىپ كىتىدۇ.)

رەھمىتۇللا:بىزتىزدىن ئاتلىنىپ قەلئە دەرۋازىسى بىلەن تۆمۈشۇق تاغ ئېغىزىنى ئىگەللەپ،ئابدۇللانىڭ ئالاقە يولىنى كىسىپ تاشلىشىمىز كېرەك.يۈسۈپ تاغا!

يۈسۈپ: خوش!

رەھمىتۇللا: سىز قىرىلارنى تەشكىللەپ،غازاتتا شېھىت بولغانلارنى يەرلىكىدە قويۇڭ.ئاندىن ئاۋۇ جايدىكى بەش ھارۋا ئالتۇن-كۈمۈشنى قوغداپ شەھەرگە ئىلىپ بېرىڭ.بۇ ئۈچتۈرپان خەلقىگە تەئەللۇق.

يۇسۇپ:بولىدۇ!

رەھمىتۇللا:قېرىنداشلار خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكنى قىلىچ بىلەن تۈگەتمەي بولمايدۇ.

كۆپچىلىك: زالىم ئابدۇللانى تىرىك تۇتايلى!

(خور)

ئوت بولۇپ ياندى قىساس باتۇر يىگىتلەر قەلبىدە

تۈغ ئەلەم قىلماقتا جەۋلان كۆكتە-ئاسمان قەھرىدە

باش بولۇپ مەرت رەھمىتۇل قانلىق زامانغا ئۇردى تىغ

لەرزىگە كەلدى زېمىن قالدى ياۋۇزلار ۋەھىمىدە

(پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى پەردە

ئالدىنقى پەردىدىن ئىككى كېيىن،چۈشتىن بۇرۇن.

يامۇل مەھكىمىسى بىرىنچى پەردە بىلەن ئوخشاش.

سىرتتىن گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن «ئۇر-چاپ» ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.ئابدۇللا ئالاقزادىلىك ئىچىدە تىپىرلاپ قالغان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.

ئابدۇللا: نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق-ھە؟بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ مۇنداق شىددەت بىلەن كۆتىرىلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

قارشى تەرەپتىن پۇقراچە كىيىنگەن مۇزەپپەر ئالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ.

مۇزەپپەر:شۇنداق بېگىم،شۇنداق!بولار ئەمدى نېمە قىلمەن دىسە قىلىشۇردۇ...(ئىغىر خۇرسىنىپ)جىگدە سەپىردە كۆتىرىلگەن بۇ يىغىلىق ئاخىر

http://www.uyebook.com

بىزنىڭ بىشىمىزغا چىقىدىغان بولدى.

ئابدۇللا مۇزەپپەرنى تونۇپ ھاڭ-تاڭ قالدۇ.

مۇزەپپەر:(تېزلىنىپ،زارلانغان ھالدا)ھۆرمەتلىك بىگىم، تۈنۈگۈندىن بىرى ئۆيىدىن تالاغا چىقالماي ئىتىنىڭ كۈننى كۆردۈم. دەرىزىدىن كىرىۋاتقان قىقاس-چۇقان،ئۇر-چاپ ئاۋازلىرى يۈرىكىمنى قىپىدىن چىقىرىۋەتەيلا دەپ قالدى.(كىيمنى كۆرسىتىپ) شۇڭا مۇشۇ جۇل-جۇل كىيىمنى كىيىشىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئابدۇللا:ئاپئاق غوجا تىبەتكە ياردەم سوراپ بارغاندەك سىزمۇ ئىشان چوڭ دادىڭىزنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتسىڭىز بولاتتى. خان لەشكەرلىرى سۇدارىننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا جەڭ قىلىۋاتىدۇ.لىكىن سىز....

شۇ چاغدا سىرتتىن يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالغان سۇچىلىك دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ كېلىدۇ.

سۇچىلىك:تۈگۈشتۇق،بىز تۈگەشتۇق.خان ئاللىرى بىزنى كەچۈرمەيدۇ.(ئابدۇللا بىلەن مۇزەپپەر يۈگۈرۈشكىنىچە سۇچىكنى يۆلەپ مەھكىمە سۇپىسىغا ئولتۇرغۇزىدۇ)ھاكىم بەگ ئىش بولمىدى.رەھمىتۇللا لەشكەر تارتىپ سېپىل دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىردى.ئۇلار شىددەت بىلەن يامۇلغا بېسىپ كېلىۋاتىدۇ.لەشكەرلىرىمىز قەتلى دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

ئابدۇللا: بىيەنتاخەي جاناپلىرىغا ئەۋەتكەن كىشلىرىمىز ياردەم ئىلىپ كەلگىچە بەرداشلىق بىرەيلى سۇ دارىن.

سۇچىلىك: ئەمدى كېچىكتۇق.ئىش ھېچقاچان بىز شىمالى جۇڭغارىيەنى بىر تەرەپ قىلغاندەك ئاسانغا چۇشمەيدۇ. خان ھەزرەتلىرىنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنى قەشقەرىيە تەرەپتە ئىدى.بۈگۈن بىز دەل شۇ كۈننى كۆرىۋاتىمىز.خان ئاللىرى ئەمدى بىزنى كەچۈرمەيدۇ.(سىرتتىن يۈزىشى ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ)

http://ilkitap.blogbus.com

يۈز بېشى:دارىن جاناپلىرى،قەلئە ئۈستىدىكى زەمبىرەكلەرنىڭ ھەممىسى گاداي‍لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى بىزنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغانلىرىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدى.يامۇل ئۆگزىلىرىدىكى زەمبىرەكلەرنى ئىشلەتمەسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

سۇچىڭ:سېنى ھازىردىن باشلاپ مىڭ بېشىلىقىغا كۆتەردىم.قوماندانلىقنى قولۇڭغا ئال.گادايلارنى قىر-چاپ ئۆلتۈر...(بارغانسېرى ئاۋازى پەسىيىپ كىتىدۇ.)

يۈزبېشى: بەگزادەم....

سۇچىڭ:بەگزادىگە ئېيت! ئۇ دەرھال بۇيۇرتتىن ئايرىلىپ ئاقسۇغا كەتسۇن!

يۈز بېشى:بەگزادەم زەمبىرەك ئوقى بىلەن جىنىدىن ئايرىلىپ،روھى جەننەتكە كەتتى.

سۇچىڭ:نېمە؟!(غالجىرلاشقان ئەلپازدا) بەگزادەم...بالام!... مەن ئۆچ ئالىمەن!قەتئى ئۆچ ئالىمەن!(ئەسەبىلىشىپ) ھا..ھا..ھا...(ئابدۇللا يىقىنلىشىدۇ)

مۇزەپپەر:دارىن جاناپلىرى،كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا،سەۋر قىلسىلا، تەقدىر پىشانىمىز...(سۇچىڭ بۇرۇلۇپلا قىلىچىنى ئۇلارغا تەڭلەيدۇ.ئابدۇللا بىلەن مۇزەپپەر يىقىلىپ چۈشۈپ، ئارقىچە ئۆمىلەپ قاچىدۇ.)

سۇچىڭ:رەھمىتۇللانىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلسام خانىغا تۇتۇلىمەن ئىككىلا تەرەپتىن مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم.بەگزادەمدىنمۇ ئايرىلدىم(قىلىچىنى ئايلاندۇرۇپ،قوسىقىغا تىقىدۇ، تىپىرلىغىنىچە يىقىلىدۇ.ئابدۇللا بىلەن مۇزەپپەر قورقىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ كىتىدۇ.)

مۇزەپپەر:بېگىم،تىرىكچىلىكىمىز غالچىلىق بىلەن ئۆتتى.ئەمدى قىرىغاندا جېنىمىزنى بۇگادايلارغا تاشلاپ بەرمەيلى.

ئابدۇللا:بىزقۇمۇلدىن بۇيەرگە نېمە دەپ كەلدۇق؟ئۇچتۇرپاننىڭ شۇنچىلا بايلىقىنى مۇشۇ بىرتوپ گادايلارغا تاشلاپ بىرىمىزما.مەن ئۇلارغا كۆرستىمەن تېخى.

http://www.uyebook.com

مۇزەپپە قىلايلى بىگىم.

ئابدۇللا: ئۇنداقتا.....

مۇزەپپەر:ھىلە مىكىر ئوتتۇز ئالتىدۇر.قىچىپ كىتىش ھەممىدىن كاتتىدۇر دىگەنەدەك ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇيەردىن يوقىلايلى.

ئابدۇللا:ھەممە تەرەپتىن قامىلىپ قالدۇق،قانداق قاچىمىز؟

مۇزەپپەر:ئۇلۇغلىرىمىز «ھىلىدىن ھالۋا ياساپتۇ»دىيىشكەن ئەمەسمۇ (قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ)

ئابدۇللا:ھەي... ماقايىلى(كىتىۋىتىپ)مەن ئۆچ ئالىمەن،قەتئى ئۆچ ئالىمەن،رەھمىتۇللا،مەن سىنى دار ئاستىدا كۆرىمەن (چىقىپ كىتىدۇ.سىرتتىن ئىبراھىم مىرشاپ كىرىدۇ،ئۇياق بۇياققا قاراپ)

ئىبراھىم:ئابدۇللا بىگىممۇ قىچىپتۇ،مەنمۇ دەرھال قاچمىسام...( ئۇ سۇچىڭنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قالدۇ)بۇنىمە ئىش؟( ئىككى يانغا بىر قارىۋىتىپ،دەرھال سۇچىڭنىڭ يانچۇقىدىن كىچىكرەك ھەميان خالتىسنى ئىلىپ،ئۇرۇنىدىن تۇرۇشىغا سىرتتىن كەلگەن ئايال ئىبراھىمنىڭ مۇرىسىنى تۇتىدۇ. ئاستا قايرىلىپ ئايالنى كۆرگەن ئىبراھىم قورقىنىدىن دۇدۇقلىغىنىچە)ھۆرمەتلىك خىنىم بۇ ئالتۇن-كۈمۈشنى ئابدۇللا بىگىمگە تاپشۇرماقچى ئىدىم،بىراق ئابدۇللا بىگىم (يەرگە قارايدۇ،چۇمپەردىنى قايرىغان ئابدۇللا)

ئابدۇللا:بىگىك كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ.

ئىبراھىم:خوش بىگىم!

ئابدۇللا: سەن بىرىپ ساۋۇت سەرراپ بىلەن شىرىپ ئاقساقالغا ئېيىت ئۇلار گادايلار سىپىگە كىرىۋالسۇن،رەھمىتۇللانىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ،ئۆز يىنىغا شىرىك توپلىسۇن. ئۇلارنى خىمىرتۇرۇش قىلىپ گادايلارنىڭ سىپىنى ئىچىپ تاشلاش كىرەك.ئىشنى خۇپىيانە تۇتسۇن.ئۇچرىشىش بەلگىمىز«ھوقۇش».

http://ilkitap.blogbus.com

ئىبراھىم:ئۇلار ئۇنىماي قالسا...

ئابدۇللا:ئۇلارغا ئىنئام،مەنسەپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيت،يەنىلا ئۇنىمىسا...(مۇشتىنى تۈگىدۇ)

ئىبراھىم:چۈشەندىم.(تازىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ)

مۇزەپپەر:بېگىم تېز بولايلى.قانچە چاققان بولساق شۇنچە ياخشى، (ئۇلار يوشۇرۇنىدۇ.سىرتتىكى قوزغىلاڭچىلارشىددەت بىلەن مەھكىمە ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە باشلايدۇ).

سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن مايىسخان ۋە تاھىر ئىككى-ئۈچ چېرىكنى قىلىچ زەربىسى بىلەن قىستاپ كىرىدۇ.سەھنىنىڭ سول تەرىپىدىن رەھمىتۇللا ۋە ئەسمىتۇللا بىرنەچچە قوزغىلاڭچى بىلەن بىللە بىرنەچچە چېرىكنى قىستاپ كىرىدۇ.يۈسۈپ يۈزبېشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ يەرگە يىقىتىدۇ.قوزغىلاڭچىلارچېرىكلەر بىلەن بىرنەچچە رەت ئېلىشىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرىدۇ.شۇ ئەسنادا رەھمىتۇللانىڭ يۈرىكىگە يا ئوقىدىن بىرسى كېلىپ سانجىلىشى بىلەن ئۇ دەلدەڭشىپ قالىدۇ.

يۈسۈپ:رەھمىتۇللا بەگ!(ئەسمىتۇللا ،مايىسخانلار رەھمىتۇللانى يۆلەيدۇ.)

ئەسمىتۇللا:ئاكا كۆزۈڭنى ئاچ!

مايىسخان:دادا كۆزلىرىنى ئاچسىلا.(رەھمىتۇللا زەھەرلىك ئوقنىڭ ئازاۋىدىن زورىغا بېشىنى كۆتۈرىدۇ،ئارقىدىن مىرزا رىھىم شانىياز بىلەن كىرىپ كېلىدۇ)

رەھمىتۇللا:مىرزام.سىلىنىڭ زىنداندىن سالامەت ئازاد بولغانلىقلىرى ئۈچۈن خوشالمەن.(شانىيازغا قاراپ)شانىياز،شەھەر پۈتۈنلەي ئېلىندىمۇ؟

شانىياز:خاتىرجەم بولسىلا سەردار!شەھەر ئۆز ئېلىكىمىزگە ئۆتتى.بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى ھەرقايسى يېزىلاردىكى ئابدۇللانىڭ ئادەملىرىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە ئەۋەتتۇق،شەھەر خەلقى ئۆز غەلىبىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلماقتا!

رەھمىتۇللا:(ئازاب ئىچىدە كۈلۈمسىرەيدۇ)ئەل يۇرت بىزدىن رازى بولدى.لېكىن

ئون كۈلكىنىڭ بىر قايغۇسى بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاداققىچە قىلىچ ئويناتقاندا،ئاندىن مەڭگۈلۈك تەنتەنە بولىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماڭلار!ئابدۇللا تىرىك تۇتۇلدىمۇ؟

ئەسمىتۇللا: ئۇنىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكىنى بىلەلمىدۇق.

شانىياز:چىرىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتۇق،پەقەت بىر نەچچىسى ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

رەھمىتۇللا:ئىلانىڭ قۇيرۇغى كېسىلگەن بولسىمۇ... بېشى ساق قاپتۇ.ئۇ يەنىلا ئادەم چاقالايدۇ...(رەھمىتۇللا ھوشىدىن كېتىدۇ)

ئەسمىتۇللا:ئاكا! (رەھمىتۇللا ئېغىر ھالسىرايدۇ)

مىرزارىھىم:(رەھمىتۇللانىڭ كۆكرىكىدىكى ئوقنى ئېلىپ ئەسمىتۇللاغا بېرىدۇ)ئوقنىڭ ئۇچىنىڭ قارىداپ كېتىشىگە قارىغاندا ئۇچى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان. (جىددىيلىشىدۇ) شانىياز سەن بېرىپ شەھىرىمىزدىكى مەشھۇر جەرراھ پىرمۇھەممەت بىلەن شەيخ سۇلايمانلارنى چاقىرىپ كەل، سەردارىنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرنىڭ تارقاپ كەتمەسلىكىگە ئىلاج قىلسۇن.

شانىياز:بولىدۇ،بۇۋا! (چىقىپ كېتىدۇ)

مىرزارىھىم:يۈسۈپ!(بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا)سەردارىمىزنى ئارامگاھقا يۆتكەيلى.

يۈسۈپ:بولىدۇ،مىرزام(بىرنەچچە قوزغىلاڭچىلار بىلەن رەھمىتۇللانى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ).

مايىسخان: (ئەسمىتۇللا قايرىپ سۇندۇرۇۋەتمەكچى بولغان ئوقنى ئېلىپ)ئاكا،بۇ زەھەرلىك ئوق يەنىلا ئىگىسىگە قايتۇرۇلغىنى ياخشى.(ئوق ياغا قاراپ)سەن پەقەت دادامغىلا سانجىلماستىن بەلكى سانسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدىڭ!ئىگەڭنى تاپمىغىچە بۇ يولدىن ھەرگىز قايتمىغايسەن،(شۇچاغدا تاھىر بىلەن مايىسخانىنىڭ قىز نەۋكەرلىرى ئايالچە ياسانغان بىركىشىنى ئېلىپ كىرىدۇ)

تاھىر:ئەسمەتۇللا ئاكا!چىرىكلەرنى ئارالغىچە قوغلىدۇق.ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ئىلىپ قاچقان ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بىلەن تىرىك تۇتۇلدى.(بۇرۇلۇپ سىرتتقا قاراپ) ئىلىپ كىرىڭلار!

ئەسمەتۇللا: ياخشى بوپتۇ.تاھىرجان.قوزغىلاڭچىلارغا ئېيتىڭلاركى قولغا چۈشكەن چىرىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا گۇناسىز. ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسۇن خىراجىتىنى بىرىپ يۇرتىغا قايتۇرۇۋىتىڭلار.(ئايالنى كۆرۈپ) بۇ ئايال....؟

مايىسخان: مەزلۇم كىشىگە ئازار بەرمەسلىك كىرەكتىغۇ؟

گۈلجامال: ئاچا،بۇ ئايال ئەمەس.قوي تېرىسىگە يوشۇرۇنغان بۆرە!

زوھرە: بىز شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتساق،بۇمۇناپىق ئىشەكلىك كىتىۋاتقان ئىكەن.ئەپتىدىن ئايالغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى سىزىپ گەپ سورىساق،ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى.

گۈلجامال: ئابدۇللا بىلەن ئىككىسى مەھكىمە ئىچىدىكى لەخمە بىلەن قىچىپ چىققان ئىكەن.

گۈلسارە :ئاچا،بۇئىككى قولى ئۇچتۇرپان خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان قېرى چايانىنى دارغا ئىسىش كىرەك.(مايىسخان قىلچىنى يالىڭاچلاپ ھىلقى كىشىنىڭ چۈمبىلىنى قايرىيدۇ.ئەسەبىلىكتىن غال-غال تىترەپ تۇرغان مۇزەپپەرنى كۆرۈپ،غەزەپتىن ئۇنى چاپماق بولىدۇ)

مىرزارىھىم:قىزىم توختاڭ!(ئۇنى توسىدۇ)ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن سۆز ئاڭلايلى.ئاندىن ئۇنىڭغا قانداق جازابەرسەكمۇ كىچىكمەيمىز.

ئەسمەتۇللا:مۇزەپپەر !سەن مۇشۇ ھالەتكە چۈشتۈڭما؟ئېيت ئابدۇللا قېنى:

مۇزەپپەر: با...تۇرلار...مەن ئېيتاي،ئابدۇللا...(تىلى كالۋالىشىدۇ)

تاھىر:سۆزلە!ئۇ نەگە كەتتى؟

مۇزەپپەر:ئۇ...مۇ ماڭا ئوخشاش ياسىنىپ يۈز بىشى بىلەن ئاقسۇغا قاچتى.

مايىسخان:مەن سېنى!؟(بىرىپلا مۇزەپپەرنىڭ قورسىقىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولغىنىدا

مىرزارەھىم توسىدۇ)

مىرزا رەھىم:قىزىم،سەۋرى قىلىڭ!

مۇزەپپەر:قېرى جىنىمغا رەھمى قىلىڭلار!(قورقىنىدىن يەرگە يىتىۋالىدۇ.تاھىر توپ ئىچىدىن رەھمىتۇللانى ئىزدەيدۇ)

تاھىر:ئەسمىتۇللا ئاكا!بەگ دادام كۆرۈنمەيدىغۇ؟(ھەممەيلەن ئەلەم قايغۇبىلەن رەھمىتۇللانى ئىلىپ چىقىپ كەتكەن تەرەپكە قارايدۇ.ئالتە قىز نەۋكەرلەر كۆزيېشى قىلىدۇ) نىمە؟زادى نىمە بولدى مايسىگۈل؟

شۇ چاغدا شانىياز كىرىپ كېلىدۇ.

ئەسمىتۇللا:(مىرزا رەھىمغا قاراپ)جەرراھلار ھازىر بولدى.ئۇلار پۈتۈن ئەقىل ئىدرىكى بىلەن سەردارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا ئىلاج قىلماقتا.(بۇلارنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ مۇزەپپەر قاچىدۇ،بۇنى يۇسۇپ كۆرۈپ قالىدۇ)

يۇسۇپ: مۇزەپپەر توختا!

مايسىخان:ئۇقاچالمايدۇ(ھىلقى ئوقنى ئېسىۋالغان يايىغا سىلىپ مۇزەپپەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاتىدۇ.سىرتتىن مۇزەپپەرنىڭ «ۋايجان» دىگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

ئەسمىتۇللا: (سىرتقا قاراپ) ئوق دەل جايىغا تەگدى. (مايسىخانىنىڭ يىنىغا بىرىپ) يارايسىز سىڭلىم! (غالىبانە خىتاب بىلەن)تاھىر،شانىياز،سىلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىق،پىيادە لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ،شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ ھەر ۋاقىت جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرۇڭلار.يۇسۇپ تاغا سىز يامالنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى بىر قىسىم ئاشلىقنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بىرىشكە باشچى بولۇڭ!

تاھىر،شانىياز،يۇسۇپ :باش ئۈستىگە!

ئەسمىتۇللا:سىڭلىم مايسىخان!سىز قىز نەۋكەرلىرىڭىز بىلەن قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى

http://ilkitap.blogbus.com

ئېلىپ،ھەرقايسى يېزىلاردىكى دىھقانلارنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بىرىۋاتقان تەمىناتىنى شەھەر ئىچىگە جۇغلاشقا باش بۇلۇڭ،ئېھتىمال دۈشمەنلەر بىزنى قامال قىلىشى مۇمكىن.

مايىسخان ۋە ئالتە قىز:باش ئۈستىگە!

ئەسمىتۇللا:قېرىنداشلار،ئادالەت زۇلپىقارلىرىمىز بىلەن زۇلۇم كىشەنلىرىنى پاچاقلاش ئۈچۈن ھەرۋاقىت تەييار تۇرايلى!

كوللېكتىپ: ئەل ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

(پەردە چۈشىدۇ)

## تۆتىنچى پەردە

باش باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى

ھاكىم بەگ مەھكىمىسى.ئالدىنقى پەردە بىلەن ئوخشاش. يىراقلاردىن ناغرا سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.پەردە ئېچىلغاندا بىر قانچە جۈپ ئەر-ئايال قوزغىلاڭچىلار قىلىچ بىلەن جەڭ مەشقىنى قىلىۋاتقان، بىر قانچە قېرى – ياشلار مەھكىمە تۆرىگە جايلاشقان سۇپا ئۈستىدە تاماشا كۆرىۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ. سىرتتىن پاكىز كىينگەن يۈسۈپ كىرىپ كىلىدۇ.

يۈسۈپ: تىخى يېقىندىلا بىز پۇقرالارنىڭ كۆزىگە دوزاق كۆرۈنگەن بۇ ئەزرائىل ئوردىسىدىمۇ مەرىكە بوپتۇ. (جامائەتكە قاراپ) ھارماڭلار باللىرىم، بۇ ھۈنەرنى پىششىق ئۆگىنىڭلار.( قىز – يىگىتلەر يۈسۈپنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، تىچ- ئامانلىق سورىشىدۇ. سىرتتىن ئەسمىتۇللا ۋە مىرزا رىھىمنىڭ يۆلىشى بىلەن رەھمىتۇللا ۋە بىر قانچە قىزلار كىرىپ كىلىدۇ، يۈسۈپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ)

يۈسۈپ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

رەھمىتۇللا:
ئەسمىتۇللا:
مىرزا رىھىم:

http://www.uyebook.com

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام

قول ئېلىشىپ كۆرىشىدۇ.سەردار جامائەتكە ئېھترام بىلدۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار چوڭلارغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىدۇ.

يۈسۈپ: سەردارىم، ھازىر يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلار يىرىدە ھىيت- مەرىكە بولىۋاتىدۇ، پۇقرالارنىڭ ھەممىسلا خوشال.

رەھمىتۇللا: ياخشى بوپتۇ تاغا.مانا مەنمۇ شۇ خوشاللىقىڭلارغا ھەمدەم بولماقچىمەن.

يۈسۈپ: ناھايىتى ياخشى ، سەردار ، قېنى بۇ ياققا كەلسىلە. ( سۇپىغا تەكلىپ قىلىدۇ.چوڭلار سۇپىدىن ئورۇن ئېلىشىدۇ.) جاراھەتلىرى بىر ئاز ياخشى بولدىمۇ؟

رەھمىتۇللا: خۇداغا شۈكرى ، ئوبدان بولۇپ قالدىم.

توپ ئىچىدىن بىر قېرى موماي كىچىك بىر سېۋەتتە تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ رەھمىتۇللانىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

موماي: بەگ ئوغلۇم، ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئىدىم، ئاز بولسىمۇ مۇشۇ تۇخۇمنى يەپ باقسىلا، خۇدايىم كىسەللىرىگە شىپالىق بىرەر.

رەھمىتۇللا: رەھمەت ئانا.( يۈسۈپ مومايغا ئورۇن كۆرسىتىدۇ)

يۈسۈپ: سەردارىم ئۆزلىرىنى بىيت- نەزمىلەرنى تولىمۇ ياخشى پۈتىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم،مۇبارەك ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىساق ياخشى بولاتتى.

ئەسمىتۇللا:ئاكام يېقىندا بىر نەزمە يېزىپتىكەن، مەن ئۇنى كونا بىر ئاھاڭغا سالغانتىم، سىلەرگە ئوقۇپ بىرەي.

يۈسۈپ: ئەسمىتۇللا بەگنىڭ خۇش ناۋاسىنى بىر ئاڭلايلى.

ئەسمىتۇللا:

ئاڭلا ئەي مۆلجەر تىغىنىڭ بۇركۈتى دوست-يارىلار،
ياۋغا قارشى ھەر چېلىشنىڭ نەۋكىرى- مەردانىلەر.
يۇرتىمىزدىن كەتتى قىش، كەلدى باھار قالغاچلىرى،
جەڭدە بىز تۆككەن قىزىل قاندىن ئېچىلدى لالىلەر.

ئەرك ئۈچۈن جاندىن كېچىپ قىلدۇق كۈرەش شىددەت بىلەن،
تــــاپتى بۇ جـــــــەڭدىن بەخت يوقسۇل يېتىم – بىچارىلەر.
يـــــار-يــــــۆلەك بولغاچ ئاۋام قۇچتۇق زەپەر جەڭلەردە بىز،
چــــــــەكمىگەي ئەمدى يۈرەكلەر بۇندا پىغان ئاھ- نالىلەر.

بەختىمىز گۈلزارىنى قوغدايلى مەڭگۈ جان تىكىپ،
ياشنىسۇن گۈللەپ يەنە بۇ كەڭ ئېتىز تاغ، داللار.

ناخشا تۈگىشى بىلەن جامائەت ئەسمتۇللاغا بارىكاللاھ ئېيتىشىدۇ.
مىرزا رىھىم: ئوغلۇم ئەسمتۇللا بەگ، مەرىكىنى داۋاملاشتۇرايلى.
ئەسمتۇللا:مايسخان، قېنى قىزلارنى باشلاپ ئۇسۇلغا چۈشۈڭلار. مۆلجەر تاغ باغرىدىن ياڭرىغان شاتلىق ئاۋازنى پۈتۈن ئالەم ئاڭلىسۇن.

شادىيانە مۇزىكا ساداسى بىلەن مايسخاننىڭ ھەمراھلىقىدا، ئالتە قىز جەڭ كىيىمى بىلەن ئۆزگىچە خاس مىللى ئۇسۇلنى باشلايدۇ. قىزلار ئۇسۇلدىن كىيىن ئالدى بىلەن رەھمتۇللاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، تاھىر باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر تويىنى ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ.مۇزىكا رېتى ئۆزگىرىپ ئوغۇللارنىڭ جەڭگىۋار قىلىچ ئۇسۇلى بىلەن ئالمىشىدۇ.بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان رەھمتۇللا يېنىدىكى مىرزا رىھىم بىلەن ئەسمتۇللانىڭ يۈلىشىنى ئىما قىلىدۇ.يىگىتلەر ئۇسۇلى ئاخىرلىشىپ، يىگىتلەر رەھمتۇللاغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.رەھمتۇللا بىر ئاز ئازاپلانغاندەك قىلسىمۇ

زورىغا ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە ئامىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

رەھمتۇللا:مەن سىلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. رەھمەت قېرىنداشلىرىم.(ئاغرىقتىن تولغىنىدۇ، يىنىدىكىلەر يۆلەيدۇ)

رەھمتۇللا: قېرىنداشلىرىم! مەن بۈگۈن يەنە بىر قېتىم شۇنى جاكارلايمەنكى : ئۇچتۇرپاننىڭ پۈتۈن بايلىقى ئۇچتۇرپان خەلقىگە مەنسۇپ! كەمبەغەللەردىن قاقتى- سوقتى قىلىپ بۇلاپ ئېلىنغان پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ مۈلكى خەلققە بېرىلىدۇ.( بەدەنگە تارالغان زەھەر ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.رەھمتۇللا بىر ئىككى تولغىنىدۇ. سەھنىدىكىلەر جىددىيلىشىدۇ، رەھمتۇللانى سۇپىغا ئولتۇرغۇزىدۇ.

ئەسمتۇللا: ئاكا! ( رەھمتۇللا بىر نەچچە تولغىنىپ ھوشىدىن كىتىدۇ.)

مايىسخان: دادا كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

مىرزا رېھىم: رەھمتۇللا بەگ!( رەھمتۇللا ئېغىر ھالسىرايدۇ)

رەھمتۇللا: مەن بولالمىدىم....سىلەر بىلەن خوشلىشىش ۋاقتى كەلدى.ئەمدى ئۇ ئالەمگە ماڭسامۇ ئارمىنىم يوق.

شانىياز: سەردار ، مەن جەرراھنى چاقىراي.

رەھمتۇللا: شانىياز، بولدى بارمىغىن.ھاجىتى قالمىدى.مىرزا رىھىم! يۈسۈپ تاغا يىقىنراق كىلىڭلار(نەپىسى كۈچىيىدۇ) ئەسمتۇللا ئاخىرقى ۋاقتىلىرىم كەلدى....مىرزام.... ئۈچ ۋەسىيتىم بار.

ئەسمتۇللا: قۇلىغىم سىلىدە ئاكا!(ھەممىسى جىمجىت رەھمتۇللاغا تىكىلىدۇ)

رەھمتۇللا: بىرىنچى، ئەل-يۇرتنىڭ بىرلىكىنى قەدىرلەڭلار، ياۋلارنىڭ قىلىچى خەلقىمىزنى بوي سۇندۇرالمىسىمۇ، بۆلگۈنچىلىك، پارچىلىنىش ياۋنىڭ قىلىچ نەيزىسىدىن يامان....ئىككىنچى، ئادالەت يالتىراپ تۇرغان قىلىچقا ئوخشايدۇ.( يىنىدىكى قىلىچقا قول ئۇزارتىدۇ، يۈسۈپ ئۇنى يىشىپ بىرىدۇ) قىلىچىم دات بىسىپ قالمىسۇن، بۇ ئۇچتۇرپان

قوزغىلىشىدىن قالغان تەۋەرۈك، بۈنى قەدىرلەڭلار، شىھىتلەر قېنىدىن
قولغا كەلگەن خەلقىنىڭ ھۆرلۈگىنى ئاخىرغىچە قوغداڭلار.ئاخىرقى
سۆزۈم ،ئۆكام ئەسىمتۇللا،قىزىم مايىسخان بىلەن تاھىرجاننىڭ....
(سۆزىنى تۈگىتەلمەي جان ئۈزىدۇ)

كۆپچىلىك: رەھمىتۇللا ! سەردار !

مايىسخان: دادا !

ئەسىمتۇللا: ئاكا !

مۇسىبەتلىك مۇزىكا ئىچىدە سەھنە جىمجىتلىققا چۆكىدۇ.

مىرزا رېھىم: قېرىنداشلار !ھازىر مۇسىبەتنى باتۇرلۇققا ئايلاندۇرۇش ۋاقتى. بىز
رەھمىتۇللا بەگ كۆرسەتكەن ھۆرلۈك يولىدا ۋاقتنى قەدىرلىشىمىز
كېرەك.

كۆپچىلىك: بۇ يولدا جېنىمىز پىدا !

يۈسۈپ: سەردارىمىزنى قەيەرگە دەپنە قىلماق دۇرۇسراق مىرزام؟

مىرزا رېھىم: مەرھۇمنىڭ جەسىدىنى مۆلجەر تاقتا قويايلى. بىزنىڭ بارلىق
باتۇرلىرىمىز ئاشۇ جايغا كۆمۈلگەن. رەھمىتۇللا بەگ ئۇچتۇرپاننىڭ
شان-شەرىپى، ئۇنىڭ شۆھرىتى توققۇز بۇلاق سۇلىرىغا قوشۇلۇپ مەڭگۈ
ئەۋج ئۇرۇپ ئاقسۇن.ھۆرىيەت باغلىرىدىكى ياش كۆچەتلەرنىڭ
ئۇسسۇزلۇغىنى قاندۇرسۇن، ئەسىمتۇللا بەگ! (ئەسىمتۇللا توپ
ئىچىدىن ئالدىغا چىقىدۇ) رەھمىتۇللا بەگ كۆرسەتكەن ھۆرلۈك يولىدا
ئاداققىچە جەڭ قىلىدىغانلىغىڭىزغا ئىشىنىمىز، باتۇرنىڭ قىلىچى سىزگە
كۈچ- جاسارەت بېغىشلايدۇ.( ئەسىمتۇللا مىرزىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ تەۋەرۈك قىلىچنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كۆزىگە
سۈرتۈپ كۆكسىگە ياقىدۇ)

ئەسىمتۇللا:

http://www.uyebook.com

ناخشا

ئەلنى دەپ قانلار كېچىپ ياۋغا باش ئەگمەي هامان

كەڭ ئاۋام بەختى ئۈچۈن جەڭلەر قىزىتتىڭ هەر زامان

ئاكام! قېرىنداشىم ئاكام!....سەردارىم ئاكام !

كۆزنى يۇمدۇڭ ئەرك ئۈچۈن، قالدى تەۋەرۈك قىلىچ

قايغۇمىز ئالماشتى كۈچكە بىز ئالارمىز قانغا-قان

يىگىتلەر رەھمىتۇللانىڭ جەسىدىنى كۆتىرىپ چىقىپ كىتىدۇ. سەھنىدە يىغا-زارە كۆتىرىلىدۇ.ئەسمىتۇللا تەۋەرۈك قىلىچنى ئاۋايلاپ قىنىدىن چىقىرىپ، سەھنىنىڭ ئالدىغا ماڭىدۇ.مايىسخان ئاكىسىنىڭ قىشىغا بارىدۇ.

مايىسخان: دادامنىڭ ۋەسىيتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن جەڭگە چىقىشقا ئەمىر بەرگەيلا !

ئالتە قىز: ( قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ،ئەسمىتۇللاغا ئېهترام بىلدۈرىدۇ) هۆرلۈك ئۈچۈن جىنىمىز پىدا.

شانىياز: رەھمىتۇللا بەگنىڭ باشلىغان يولىدىن هەرگىز قايتمايمىز.

قوزغىلاڭچىلار: جەڭگە چىقىشقا ئەمىر بەرگەيسىز !

قوزغىلاڭچىلار ئەسمىتۇللاغا ئېهترام بىلدۈرىدۇ.ئەسمىتۇللا قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ.سىرىتتىن يەرلىك زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلەپ ئېتىلغان ئاۋازى كۈچىيىدۇ.ئاما جىددىلىشىپ قەلئە سىرتىغا قارايدۇ.ئارقىدىن قوزغىلاڭچى ئا ئالدىراپ كىرىپ كىلىدۇ.

قوزغىلاڭچى ئا: ئەسمىتۇللا ئاكا! ئاقسۇ تەرەپتىن هىساپسىز لەشكەرلەر ئۈچتۇرپان تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ئۇياقتا ئەۋەتكەن كىشلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا يەنە قەشقەردىن نەچچە مىڭلاپ ياللانما قوشۇنلار بىزگە قارشى كىلىۋېتىپتۇ.ئۇلارنىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى بىيەنتاۋخەينىڭ قوماندانلىقىدا شەهەرگە زەمبىرەك

ئېتىۋاتىدۇ. (ئارقىدىن قوزغىلاڭچى ب كىرىدۇ.)

قوزغىلاڭچى ب:( ئەسمتۇللاغا قاراپ) شەھەر قەلئەسىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىن ناشتۇلۇك قەشقەردىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىلىۋاتىدۇ.

قوزغىلاڭچى س: چىيەنلۇڭ خاننىڭ ئاگۈي باشچىلىغىدىكى زەمبىرەكچى قوشۇنلىرىمۇ كىچىدىن ئاقيارغا يىتىپ كەپتۇ(چىقىپ كىتىدۇ. قوزغىلاڭچى د ھودۇققان ھالدا كىرىپ كىلىدۇ)

قوزغىلاڭچى د:شەھەرنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى تەرىپىدە كۆز يىتىم يەردىن باشلاپ چىلك ئەسكەرلىرى چىدىر – بارگاھ قۇرىۋاتىدۇ.زەمبىرەكچى قوشۇنلار شەھەر قەلئەسگە كىلىۋاتىدۇ.سىپىلغا زەمبىرەك ئېتىۋاتقانلار دەل شۇلار

قوزغىلاڭچى ش: سەردار !

ئەسمتۇللا: سىلەرنى ئەھۋالىڭلار قانداق؟

قوزغىلاڭچى ش:ئەھۋال جىددىلىشىپ كەتتى.قەلئەنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىن ياۋنىڭ زەمبىرەكچى قىسىملىرىدىن باشقا ئىگىز شوتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇرۇش ھارۋىلىرى سىپىلغا يىقىنلىشىپ قالدى.

قوزغىلاڭچى پ:ياۋ لەشكەرلىرى ئىبراھىم مىرشاپنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ.مانا بۇ ئۇنىڭ ئىلىپ كەلگەن خىتى. ( خەتنى ئەسمتۇللاغا بىرىدۇ،ئەسمتۇللا خەتنى كۆرۈپ بىر ئاز ئويلىنىدۇ)

ئەسمتۇللا: تەسلىمنامە؟ (غەزەپ بىلەن قەغەزنى يۇرلاپ يەرگە ئاتىدۇ) قېرىنداشلار! ياۋ نەچچە تۈمەن لەشكەرلىرى بىلەن بىزنى قورشىماقتا.مانا بىزنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچىمۇ ئەۋەتىپتۇ. قەيەردە جاھالەت بولسا شۇ يەردە يىغلىق بولىدۇ. بىز زۇلۇمغا قارشى غازات ئاچتۇق.بىزنىڭ مەقسىتىمىز خان بولۇش ئەمەس!

ياكى بولمىسا قوقان ۋە پەرغانىلىك غوجا-تۆرىلەرگە ئوخشاش يانچۇقلىرىمىزنى پۇلغا توشقۇزۇپ قېچىپ كىتىشىمۇ ئەمەس.بىزگە تەڭلىك ۋە ھۆرلۈك كىرەك. بۇنى قولغا كەلتۈرمىگىچە ھەرگىز جەڭدىن ھەرگىز توختىمايمىز.

كۆپچىلىك: تەڭلىك ئۈچۈن،ھۆرىيەت ئۈچۈن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز.

ئەسمتۇللا:تاھىر،شانىياز سىلەر قەلئە ئىچىدىكى بارلىق زەمبىرەكلەرنى سىپىلغا ئىلىپ چىقىپ،ياۋ لەشكەرلىرىگە قارىتىپ ئېتىڭلار.يۇسۇپ تاغا!

يۇسۇپ: خوش

ئەسمتۇللا: سىز پالاقمانچى يىگىتلەرنى سىپىل ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ، يىقىن كەلگەنلەر قايتىپ كىتەلمىسۇن.

يۇسۇپ: بولىدۇ.

ئەسمتۇللا: سىلەر ئوردا غەزنىسىدىكى سۇ يىغىنى سىپىل ئۈستىگە ئىلىپ چىقىڭلار.ئۇرۇش ھارۋىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار.

قوزغىلاڭچى: خوپ ! ( چىقىپ كىتىدۇ)

ئەسمتۇللا: قېرىنداشلار جەڭگە ماڭايلى! سىڭلىم مايىسخان سىز قىز نەۋكەرلىرىڭىز بىلەن شىمالى دەرۋازىدىن چىقىپ شەھەردىن ئايرىلىڭ. چېرىكلەرنىڭ ئارقا سېپىنى ھەرگىز بوش قويىۋەتمەڭلار، پۈتۈن شەھەرنىڭ ھاياتى سىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.( مايىسخان مىھرى بىلەن ئاكىسىغا ئىسىلىدۇ)

مايىسخان: ئاكا!....(ئاكىسىدىن تەسلىكتە ئاجراپ قىزلارغا بۇيرۇيدۇ) قېنى يولغا چىقايلى!

قىزلار ماڭىدۇ.زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن خور كۆتىرىلىدۇ. پەردە ئاستا چۈشىدۇ.

خور

بــــــھساپ دۈشمەن بــلەن قورشالســـىمۇ ئەتراپىمىز

http://ilkitap.blogbus.com

ياۋغا باش ئەگمەي هامان سانسىز شىرىن- پەرھادىمىز
قايـــــــتمىغايمىز بۇ كۆرەشتىن يۇرتىمىز تاپماي نىجات
تاۋلىنار جەڭـــــــلەردە گاڭدەك تەۋرىمەس ئىرادىمىز

ئـــــۇنتۇماس تارىخ كۇرەشچان قىز-ئوغۇل پەرزەنتىنى
يـــــاڭرىغاي مۆلجەر تېغىنىڭ باغرىدىن جەڭ نامىمىز
ياغدۇرار بۇ زور چېلىش خان تەڭرىگە زور شانۇ-شەرەپ
بـــــىز ئۆلۈپ كەتـــسەك كۇرەشنى قىزســـتار ئەۋلادىمىز

## بەشىنچى پەردە

قوزغىلاڭدىن بەش ئاي كېيىن يېرىم كېچە.ئۇچتۇرپان شەھەر سىرتىدىكى چىلك لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنىڭ يان تەرىپى.

تاش دۆۋىلىرى يېنىدا چوڭ بىر تۈپ دەرەخ،سول تەرەپتە كونا مازارنىڭ خارابىلىرى، قەۋرىستانلىقتا كىرىدىغان توساق تام ۋە كىچىكرەك دەرۋازىسى، يىراقتىن لەشكەرگاھنىڭ چېدىرلىرى ۋە شەھەر سېپىلى گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.ئاسماندا ھىلال ئاي ۋە جىمىرلاشقان يۇلتۇزلار.پەردە ئېچىلىش بىلەن چېكەتكە ۋە پاقىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.بىر قىز چەبدەسلىك بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ چارلايدۇ ۋە سىرتقا چېكەتكىنىڭ ئاۋازى بىلەن بەلگە بېرىدۇ. سەھنىگە مايسىخان باشچىلىقىدا بىر نەچچە قىز كىرىپ كېلىدۇ.

گۈلسارە: بۇ جايدا قاراۋۇل كۆرۈنمەيدىغۇ؟

جەملە:بىزنىڭ شەپىمىزنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، يوشۇرۇنىۋالغاندۇ؟

ھەجەر:ئاخشامقى تەكشۈرۈشىمىزدە بۇ جايدا تۆت قاراۋال تۇراتتى. كىم بىلىدۇ

http://www.uyebook.com

ئۇلار ناشتۇڭنىڭ قارارگاھىغا زىياپەتكە كەتتىمۇ تىخى؟

گۈلسارە: ( بىرنەرسىنى سەزگەندەك) شەپە كىلىۋاتىدۇ.

مايىسخان: يوشۇرنۇڭلار! ( قىزلار تارقاپ يوشۇرىنىدۇ. سىرىتتىن بىر قىز ئىھتىيات بىلەن كىرىپ ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كىيىن سىرىتقا بەلگە بىرىدۇ. مايىسخانلار يوشۇرۇنغان ئورنىدىن چىقىدۇ. قىز سالام بىرىدۇ)

زەينەپ: سالام ! ئەمرىڭىز بويىچە ئەسرلەرنى قۇتقۇزۇشقا كىتىۋاتساق، يولدا ئۇلارغا ئۇچرىدۇق. ئەسرلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنى دەريا بويىدىكى ئاق مەسچىتقا قامىغان ئىكەن. نامەلۇم ئىككى چىرىك ئازات قىلىۋىتىپتۇ.

گۈلسارە: ئىككى چىرىك ؟... ھەي تاڭەي...(بىشنى چايقايدۇ)

ھەجەر: بىز ئۆلتۈرمەي قويىۋەتكەنلەر كۆپ تۇرسا. ئىھتىمال ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئاقكۆڭۈل ئادەملەر يوق دىگىلى بولماس.

مايىسخان: شۇنداق ! بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا بىزگە دۈشمەن ئەمەس، تۇرمۇش ئىنساننى ھەممىگە مەجبۇر قىلىدۇ.(سىرىتتىن كىلىۋاتقان شەپىنى سىزىپ قالىدۇ) تېز يوشۇرنۇڭلار !( سىرىتتىن ئىككى چىرىك سۆزلىشىپ كىرىپ كىلىدۇ )

جاڭ داخەن: ئون بىشى بىلەن ھىلىقى بەڭگە تىخى كەلمەپتۇ-دە؟

چېرىك ئا: يەيدىغان- ئىچىدىغان يەرنى تاپسا يىتىۋالىدۇ ئۇ مۇناپىق. بىيەن دارىننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بانىسدا تويغىچە ئىچىۋالىدىغان بولدى- دە.

جاڭ داخەن:ئۇ ئىپلاسلارنىڭ كەلمىگىنىمۇ ياخشى بولدى، بىز قانغىچە ئۇخلىۋالىدىغان بولدۇق

چىرىك : جاڭ ئاكا، ئاشۇ بىگۇناھ ئەسرلەرنى قويىۋىتىپ كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ قالدى.

جاڭ داخەن: شۇنداق ئۇكام، ياخشى ئىش يەردە قالماس، دىگەن گەپ بار. سەن بىلەن بىز، ئوخشاش جاپاكەش نامرات بولغاندەك، بۇلارمۇ زۇلۇمغا چىدىماي كۆتىرىلگەن نامراتلار ئەمەسمۇ.

چېرىك: ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىپ ياخشى ئىش قىلدۇق. بۇ ئىشىمىزنى دارىن-غوجاملار بىلىپ قالسا، بىزنى تىرىك قويمايدۇ. ئۇنىدىن كۆرە ھازىرلا قېچىپ كېتەيلى.

جالڭ داخەن: ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ قېچىپ نەگە بارالايسەن؟ قېچىپ كېتىۋاتقانلار كۆپىيىپ، تېخى ئۇچ كۈننىڭ ئالدىدىلا نادارىن بىلەن بېيەن دارىن ئون نەچچە ئادەمنىڭ كاللىسىنى كۆتەكتە چاپتۇرمىدىمۇ؟

چېرىك: ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

جالڭ داخەن: ئۇكام، ئالەمدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشتۇر. قوزغىلاڭچىلار ئۇزىنىڭ سەردارى ئەسمتۇللا بەگنىڭ ئەمرى بويىچە « ئاددى لەشكەرلەرگە تەگمەسلىك، ئەسىرلەرگە دەخلى قىلماسلىق لازىم» دەپ جاكارلاپتۇ. ئۇلارنىڭ كىمنىڭ ئەدىۋىنى بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

چېرىك: بۇنىڭغۇ ئۇز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم.

جالڭ داخەن: بۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى دەل باھادىر شاھ لىزىچىڭنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش. مېنىڭ بۇۋام ئۇز ۋاقتىدا لى سەركەردىگە مۇھاپىزەتچى بولغان ئىكەن. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلگەندە بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرىدىغان يولغا مېڭىۋاتىمەن. بۇ ماڭا ئازاپ ئەمەسمۇ؟

چېرىك : ھە مۇنداق دەڭ ئاكا، سىزمۇ ئاددى پۇقرالاردىن ئەمەسكەنسىز-دە، ھا...ھا...ھا...( بىرلىكتە كۈلۈشىدۇ) راستىنى ئېيتقاندا بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى بىرسى يېقىلسا مىڭى ئورنىدىن تۇرىدىغان ئاجايىپ باتۇر ئادەملەركەن.

جالڭ داخەن: شۇنداق ئۇكام، بۇگۈنكى ئىشىمىزدىن ئاتا- بۇۋىلىرىمىزنىڭ روھىمۇ خوش بولىدۇ.( شۇ چاغدا مايسىخان باشلىق قىزلار يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى چېرىك چۆچۈپ كېتىدۇ)

http://www.uyebook.com

مايىسخان: قورقماڭلار! سىلەرنىڭ بايىقى گېپىڭلارنى ئاڭلىدۇق. بىز بىھۇدە قان تۆكۈشنى خالىمايمىز. سىلەرنىڭ بۆگۈنكى قىلغان ياخشى ئىشىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئىككىڭلار بۆگۈنكى ياخشى ئىشىڭلارغا قوشۇپ يەنە بىر ياخشى ئىش قىلغان بولساڭلار بىز تىخىمۇ رازى بولاتتۇق.( ئىككى چېرىك بىر- بىرىگە تەئەججۇپ ئىچىدە قارىشىدۇ)

جاڭ داخەن: سىز ؟....

مايىسخان: بىز زۇلۇمغا چىدىماي قوزغالغان رەھمتۇللا بەگنىڭ يەتتە قىزى بولىمىز.

جاڭ داخەن:
چېرىك: } يەتتە قىز ؟

( دەرھال تىزلىنىپ سالام قىلىدۇ)

جاڭ داخەن: بولىدۇ باتۇر قىز، ئەگەر سىلەرنى رازى قىلىدىغانلا ياخشى ئىش بولسا بىشىمىز كەتسىمۇ مەيلى.

مايىسخان: ها...ها...ها... سىز بىشىڭىزنى ساقلاپ قىلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا ئابدۇللانىڭ بىشىنى ئېلىپ كېلەلمەيسىز.

جاڭ داخەن: ئابدۇللانىڭ بېشى؟ ئۇنى چېرىكلەر قورۇقداپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىشىنى ئېلىش....

مايىسخان: بۇ ئىشنى پەقەت پەم بىلەنلا قىلغىلى بولىدۇ. بىز بىيەنتاۋخەينىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەش پەيتىدىن پايدىلانماقچىمىز.سىز بىزنىڭ ئۈچ ئادىمىمىزنى زىياپەتكە باشلاپ بارىسىز. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز زىياپەتتىكى خىزمەتچى چېرىكلەر ۋە ئابدۇللانىڭ خاس قورۇقچىلىرىنى يەپ ئىچىشكە زورلاپ، ئۇلارنى مەس قىلىش، قانداق ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

جاڭ داخەن: ئىشەنچىم بار.

مايىسخان: گۈلسارە ئۇلارنى باشلاپ چىقىڭ!( گۈلسارە چىقىپ كىتىدۇ) زۆھرە !

زۆھرە: خوش ئاچا !

مايىسخان: سىز كىيىملىرىڭىزنى يۆتكەپ چىقىڭ.

زۆھرە: بولىدۇ. ( خارابىلىقتا كىرىپ كېتىدۇ، سىرىتتىن ساقاللىق بىر كىشى يەنە بىر ئادەم بىلەن كىرىپ كېلىدۇ)

ئەمەت بەگ: قىزىم، بىز كىچىككىمگەنىدۇق؟

مايىسخان: ياق، كىچىككىمىدىڭلار تاغا. بۈگۈن ئابدۇللانى تۇتۇش – تۇتالماسلىقىمىز سىلىنىڭ پەم- پاراسەتلىرىگە باغلىق. ئىشەنچىمىزنى يەردە قويماسلىقلىرىغا ئىشىنىمىز.

ئەمەت بەگ: قىزىم، مەن قىلمەن دېگەن ئىشنى بىشىم كەتسىمۇ قىلماي قويمايمەن. شۇڭا مەھەللىدىكىلەر مىنى ئەمەت كاج دىيىشىدۇ.( قىزلار بىر- بىرىگە قاراپ كۈلىشىدۇ) ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا دېگەن ئەبلەخ ئائىلەمنى خورلاپ، مىنىڭ ئەل- يۇرت ئىچىدىكى ئىززەت- ھۆرمىتىمنى ئاياق – ئاستى قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن. سىز ئىشىنىڭكى، ئۇچتۇرپاندىكى بايلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇللاغا ئەگىشىۋەرمەيدۇ.

مايىسخان:(مىھرىۋانلىق بىلەن ) مەن سىلىگە ئىشىنىمەن تاغا. جاڭ ئاكا ! قىنى يول باشلاڭ، زۆھرە ! سىز ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ. پەم بىلەن ئىش كۆرۈڭ. ئابدۇللانى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

زۆھرە: چۈشەندىم ئاچا.

جاڭ داخەن: باتۇر قىز، سىزگە بىر ئىشنى ئېيتماقچىدىم.(ئەتراپقا قارايدۇ)

مايىسخان: نىمە گەپ بولسا ئېيتىۋىرىڭ.

جاڭ داخەن: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىزنىڭ ئايغاقچىمىز بار ئوخشايدۇ.ئۇن بىشنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىزگە مۇھىم مەلۇماتلارنى بىرىدىكەن.

مايىسخان: ھە؟...(ئويچان ھالدا). ئۇچرىشىش بەلگەڭلار؟

جاك داخەن: هوقۇش!

مايسخان: هوقۇش؟ ( بىر نەچچە قەدەم مىڭىپ). يولغا چىقىڭلار. (ئەمەت بەگ،جاك داخەنلەر يولغا چىقىدۇ. مايسخان يېنىدىكى چىرىككە سىز بىزگە ياردەملىشىپ مەشەدە پوستا تۇرۇڭ.

چېرىك: بولىدۇ ( سىرىتتىن غىڭشىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ)

مايسخان: يوشۇرنۇڭلار ( قىزلار يوشۇرنىدۇ، سەھنىگە هاراق قاپىغى كۆتۈرگەن ئون بىشى بىلەن چېرىك كىرىپ كىلىدۇ. مەسلىكتە بىر- بىرىگە ئۇرۇلۇپ يىقىلىشىدۇ)

ئون بىشى: ( قولىدىكى هاراق قاپىغىنى ئوتلاپ ) هەي... ئاچچىقنى مۇشۇ هاراقتىن ئالمساق، بۇ جاننى نەدە قويىمىز؟ بۇ جايغا باي بولۇش ئۈچۈن كىلىپ، جاننى بېرىدىغان بولدۇق-تە. يۇرتۇمدىكى قمارخانا بۇ سەھرلىك يۇرتتىن ياخشتى.

چېرىك: شۇنى دەڭا ئاكا، بىرەر ئەمەل تاپارمەن دەپ كەلسەم....

ئون بىشى: هە، نىمە دىدىڭ؟ ئەمەل!؟ ( بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ) ئاكاڭ قارىغايغا ئوخشاش باتۇرغا يوق ئەمەل ساڭا ئوخشاش كەسلەنچۈكنىڭ تۇخۇمىغا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئاناڭنى يۇندىپۇرۇچ بەگگە؟

چېرىك: ( قورقۇپ) خوش ئون بىشى جاناپلىرى. ئەمەل سىلىگە ئوخشاش باتۇرغا خاس، كەمىنە قۇلىلىرىنى كەچۈرسلە. بەگلىرىمىز بىزنى شۇنداق دەپ لەشكەرلىككە ئالغانتى.

ئون بىشى: ( چىرايى ئېچىلىپ) هە شۇنداق دىگىنە. تاتلىق گەپلىرىڭ ئۈچۈن بىر ئىچ.( قاپاقنى سۇنىدۇ. ئۆزى ھىلقى دەرەخ ئاستىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ)

چېرىك: ( هاراقنى بىر ئوتلاپ) رەھمەت مەرھەمەتلىرىگە ( ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قارايدۇ) هۆرمەتلىك ئون بىشى.

http://ilkitap.blogbus.com

ئون بىشى: ھە نىمە دەيسەن؟ يەنە يۈرىگىك سەكرىگىلى تۇردىمۇ؟ ئولتۇر قىشىمدا.( ئومۇ ئولتۇرىدۇ)

چىپرىك: ئون بىشى بىگىم، بۇ يەردىن كىتەيلى، ئىككى ئايدىن بىرى بۇ يەرنىڭ ھەر تۈپ دەرەخلىرىدىن تارتىپ تاغۇ- تاشلىرىغىچە خۇددى قوزغىلاڭچى لەشكەرلەرگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئون بىشى: ھەي بەڭگە، ئىككى ئايدىن بىرى شەھەر قورشاپ ياتقانلىقىمىزنى بىلمەمسەن. دەسلەپكى باتۇرلۇغىڭ نەگە كەتتى؟

چىپرىك: بىگىم، بىزنىڭ ھەيۋىمىز چوڭ بولغىنى بىلەن ھۆلىمىز بوش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىمىزدا ھىلىقى يەتتە قىز باتۇرلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ئاز ئەمەس. ھەممىدىن خەتەرلىكى ئاشۇ يەتتە ئاتلىقلار.

ئون بىشى: يەتتە ئاتلىق؟

چىپرىك: ياق يەتمىش ئاتلىق، ياق،ياق، ياق، يەتتە يۈز ئاتلىق.

ئون بىشى: نىمە دىدىڭ؟ ئالجىۋاتامسەن؟!

چىپرىك:يەتتە مىڭ ئاتلىق؟ ياق، ياق، يەتتە،يەتتە....

ئون بىشى: يوقال كۆزۈمدىن، توخۇ يۈرۈك ئوغرى!( ئۇنىڭ ئۇرغان شاپىلىقىدىن چىپرىك ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ) ئېيتە قانچە ئاتلىق قىز؟

چىپرىك: ( ئورنىدىن تۇرۇپ ئىڭىكىنى سىلاپ بىچارىلىك بىلەن) يەتتە ئاتلىق قىز.

ئون بىشى: ھە بۇنداق دىگىن،« ئىلاندىن قورققان ئارغامچىدىن قورقۇپتۇ» دىگەندەك شۇ يەتتە ئاتلىق خوتۇن كىشى كۆزۈڭگە سان-ساناقسىز لەشكەر كۆرۈنۈپ كەتتىما؟ ھا... ھا...ھا.... زىرىكىپ خوتۇن كىشى كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنىۋاتقان چاغدا شۇ قىزدىن بىر-ئىككىسى كىلىپ قالسا

چىپرىك: ( ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن ئۇدۇلدىكى شەپىدىن چۆچۈپ كىتىدۇ) بىگىم، ئەنە ئاسماندىن چۈشۈۋاتىدۇ.

ئون بىشى: يامغۇر چۈشىۋاتامدۇ؟

http://www.uyebook.com

چېرىك : ياق يامغۇر ئەمەس، يەتتە ئاتلىق پەرىشتە. ھەممىسىنىڭ قولىدا زۇلپىقار (مايسىخانلار يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىدۇ)

ئون بىشى: ئەپىۇنىنى ئاز چەككىن دىسە ئۇنىمايسەن، مانا ئەمدى مىڭەڭ ئىزىپ، كۆزۈڭ چاپاقلىشىپتۇ.( قاپاقتىن بىر ئوتلاپ)

ھەي قاپاقباش بىلمەيدىكەنسەن، پەرىشتىلەر ھەرگىز ئاتلىق ماڭمايدۇ. قىلىچمۇ تۇتمايدۇ. ئۇلار تۇرنىغا مىنىپ ئۇچىدۇ. ھا...ھا...ھا...

چېرىك: (ئۇدۇلنى كۆرسىتىپ) ياق، دەل شۇ يەتتە قىز.( دۈمچىيىپ تاش سۇپىغا تۈگىلىدۇ. قىزلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىدۇ. ئون بىشى بۇنى كۆرمەيدۇ)

ئون بىشى: ھىلىغۇ يەتتە قىزكەن، يەتتە باشلىق دىۋە بولسىمۇ ئاكاڭ قارىغاي قورقمايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ خوتۇن- قىزلىرى نىمە قىلالايتتى.ھى...ھى...ھى....

چېرىك: ( بىشىنى كۆتىرىپ قىزلارنى كۆرۈپ قالىدۇ.تىترەپ باش ئۇرىدۇ) بىر قوشۇق قىنىمنى تىلەيمەن، مەلىكەم ! كەچۈرسىلە.

ئون بىشى:ئاكاڭ قارىغايغا بەكرەك سەجدە قىل، لىكىن مەن مەلىكە ئەمەس، مىنى باتۇر شاھزادە دىسەڭ بولىدۇ، ھى...

چېرىك: ياق-، ياق! بىگىم ئارقىلىرىدا پەرىشتە.

ئون بىشى: (خۇدۈكسىنىپ) ئارقامدا؟( ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تەڭلەنگەن قىلىچنى كۆرۈپ، مۇللاقلاپ چۈشۈپ، ئۇلارغا باش ئۇرىدۇ) ھۆرمەتلىك سەردار، مەلىكەم بىزگە رەھىم قىلسىلا ، بىزدە گۇناھ يوق. ھە، ھەممە كويغا سالغان دارىن – غوجاملار.

مايسىخان:( ئون بىشىغا قىلىچنى تەڭلەپ) بايىلا قالتىس ئىدىڭ ئەمدى نىمە بولدۇڭ؟

گۈلسارە: ( ئون بىشىنى كۆرسىتىپ) مۇنۇ توڭگۇزنىڭ سىسىق تىلىنى كېسىپ تاشلايلى. رۇخسەت قىلسىلا.

چېرىك: يا...ياق، مەلىكەم، گۇنايىمىزنى كەچۈرسىلە.

مايسخان: ( ئون بىشغا قاراپ) ئېيته! ئابدۇللا هازىر قەيەردە؟ ئۇ كىملەر بىلەن بىللە بولىدۇ؟

ئون بىشى: ئا...ئابدۇللا بىگىم بىيەن دارىننىڭ قارارگاھىدا زىياپەتتە.

مايسخان: گۈلسارە، ھەجەر بۇ ياقتا كېلىڭلار.

ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. شۇ پەيتتىن پايدىلانغان ئون بىشى قاچىدۇ. بىراق، ئالدىنى قىزلار توسۇۋالىدۇ. ئون بىشى يېنىدىن پىچاق ئېلىپ مايسخانغا ئېتىلىدۇ. ئارقىسىدىن تېپىك يېگەن چېرىك دەلدەڭشىپ ئون بىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغاچقا ئون بىشىنىڭ پىچىقى چېرىككە تېگىدۇ. ئۇ سەت ۋاقىراپ يىقىلىدۇ. بۇ ئىشتىن ھودۇقۇپ قالغان ئون بىشىنى قىزلار قىلىچلاپ تاشلايدۇ.

مايسخان: (قىزلارغا قاراپ) مۇنۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ئۆلۈكىنى يىغىشتۇرىۋېتىڭلار!

قىزلار ئون بىشى ۋە چېرىكنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە سىرتتىن ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.مايسخان ۋە باشقا قىزلار ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. سىرتتىن ئەمەت بەگ ۋە زۆھرەنىڭ يېتىلىشىدە ئابدۇللا مەس ھالدا ناخشا ئېيتىپ كېلىدۇ. زۆھرە سىرتقا بەلگە بېرىدۇ. سىرتتىن جاۋاپ ئاڭلىنىدۇ. ئابدۇللا مىڭىشتىن توختاپ قالىدۇ.

ئابدۇللا: بىر نىمىلەر چىقىرىشىپلا كەتتىغۇ؟

ئەمەت بەگ: بىگىم، بۇ چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازى.

ئابدۇللا: بىز ئىزىپتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورۇقچىلارنى ئالماپتىمىز، كەينىمىزگە ياناىلى.

زۆھرە: سىزنىڭ قورۇقچىلىرىڭىز ئالدىمىزدا كىتىۋاتىدۇ. بىز تىزرەك يېتىشىۋالايلى.

ئابدۇللا: ئانداق بولسا ماقۇل، ئوماق قىز، قارارگاھقا بارغاندا قۇلىقىڭىزغا ئالتۇن سۆكە سىلىپ قويىمەن.( زۆھرە ئابدۇللانىڭ گەپ قىلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ يېنىدىن قىلچىنى سۇغۇرىۋالىدۇ) بىز كىلىپ قالدۇق بىگىم! ( شۇئان قىزلار چىقىپ ئابدۇللانى قورشىۋالىدۇ)

مايسخان: سەن دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ!

ئابدۇللا: ئادەم بارمۇ قۇتقۇزۇ...( سەت ۋاقىرايدۇ. قىزلار ئۇنى يىقىتىپ قوللىرىنى باغلايدۇ، سىرتتىن مەس ۋاقىراشقان ئاۋازلار ئىقىنلىشىدۇ.)

مايسخان: قىزلار بۇ ئەبلەخنى تارتتۇرۇپ قويمايلى. تېز ئىلىپ كېتىڭلار.( شۇ چاغدا ئات تۇياقلىرى، قىلىچ نەيزىلەرنىڭ جاراڭ- جۇرۇڭلىرى كۆچىيىدۇ. تىز بول قاچۇرۇپ قويمايلى، دىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ)

مايسخان: بىز ئارقا تەرەپتىن قورۇقداپ ماڭايلى.

قوغلاپ كەلگەن چېرىكلەر سەھنىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىدۇ. مايسخان ۋە ئۇنىڭ قىزلار توپى چىرىكلەر بىلەن قاتتىق ئىلىشىدۇ. مايسخان قورۇقچىلار باشلىقى بىلەن ئىلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەر بەدەر قاچىدۇ. قىزلار توپى چېكىنىپ چىقىپ كىتىدۇ. ئارقىدىن يۈز بىشى باشچىلىقىدىكى بىر توپ چېرىكلەر سەھنىگە كىرىپ چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈگىنى كۆرىدۇ.

يۈز بىشى: ئابدۇللا بەگنى ئۇلار ئەپقاچتى. قورۇقچىلار باشلىغىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ ( يىنىغا ئۆرۈلۈپ ئون بىشىغا ) سەن نىمە ئىش قىلدىڭ؟ ( شاپىلاق بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ) خۇمپەر!

ئون بىشى: سەن نىمە ئىش قىلدىڭ؟

يىنىدىكى چېرىكنى بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ. چېرىكلەر بىر- بىرىنى رەت بويىچە ئۇرىدۇ.تاياق يىگەن ئەڭ ئاخىرقى چېرىك سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، كۆرمەستىن يۈز بېشىنىڭ قورسىقىغا بىرنى تىپىدۇ.غەزەپلەنگەن يۈز بىشى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، تەپكەن چېرىكنى چاپماق بولىدۇ. چىراق ئۆچۈپ سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ.پەردە يىپىلىدۇ.

## ئالتىنچى پەردە

1765-يىلى 8-ئاي، ئالدىنقى پەردىدىن بىر نەچچە ئاي كىيىن.

http://ilkitap.blogbus.com

مۆلچەر تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى مەلۇم بىر چوققىسى.

سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ-كىچىك قورام تاشلار بىلەن تولغان. ئاسمانىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان. مايسىخان تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراق- يىراقلارغا نەزەر تاشلايدۇ، ئۇنىڭ قىشىدا گۈلسارە، بىر ياقتا گۈلجامالنىڭ يارىلانغان ، قالغانلىرى قىلىچ- نەيزىلەرنى تۇتقان هالدا ئۇخلىشۋاتقان هالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.

مايسىخان:

ناخشا

بولدى مانا ئۈچ ئاي قەدەر
يوق قەلئەدىن هىچبىر خەۋەر
قىلماقتىمەن ئەندىش هامان
نەهالدادۇر قەلئە- شەهەر

قېرىنداشلار قىيىن هالدا
قىلىپ جەڭ هۆرىيەت يولىدا
قىرغاندىمۇ رەزىل ياۋنى
قىلىچلار ئۇيىنتىپ قولىدا

كۆزۈمنى تاشلىسام شۇيان
تولار قەلبىمگە كۈچ- دەرمان
هايات بولساق هامان مۇندا
قىلار غەلبە تۇغى جەۋلان

مايسىخان ئايلىنىپ كېلىپ هالسىز ياتقان نەۋكەرلىرىگە قاراپ مېهرىۋانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلايدۇ. كۆزلىرىگە ئەگىپ كىلىۋاتقان ياشنى سۈرتىدۇ. قىزلارغا قاراپ) باتۇر سىڭىللىرىم... خەلقىمىز سىلەردەك قىزلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

http://www.uyebook.com

جاھالەت دۇنياسىنىڭ زالىم قۇزغۇنلىرى سىلەرنى سۆيۈملۈك ئاتا- ئانائڭلاردىن، باتۇر يىگىتىڭلاردىن ئايرىدى.( قىلىچ تاشقا تېگىپ جاراڭلاپ كىتىدۇ. شۇئان گۈلسارە چۆچۈپ ئويغىنىپ مايىسخاننىڭ يىنىغا كىلىدۇ).

گۈلسارە: سىڭلىم، كۆزىڭىزنى بىر ئاز يۇمۇۋالسىڭىز بولاتتى.

مايىسخان: ئاچا! مېنىڭ ئىسى- يادىم پۈتۈنلەي قەلئە ئىچىدىكىلەر بىلەنلا بولۇپ قالدى، ئۇلار ھازىر نىمە ئىش قىلىشىۋاتقاندۇ، ھە؟

گۈلسارە: مېھرىۋان سىڭلىم. مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، شەھەر ئىچىدىكىلەر، ئەسمەتۇللا ئاكام،شانىياز، تاھىرجانلارنى ئويلىسام... ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقتۇ؟

مايىسخان: ئۇلار قەلئەنى قوغداش جېڭىدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىۋاتقاندۇ.( شۇ چاغدا سىرتتىن جەملە خەۋەر ئېلىپ كىرىدۇ)

جەملە: ئاچا، ئارقا تاغدىن ئىككى كىشى يامىشىپ چىقىۋاتىدۇ.

مايىسخان: بىزنىڭ شەھەرگە ئەۋەتكەن ئالاقىچىلىرىمىز قايتىپ كەلگەن بولىشى مۇمكىن .( جەملەگە) ئالدىغا بېرىڭلار.

جەملە: ئۇقتۇم ! ( چىقىپ كىتىدۇ).

مىرزا رەھىم بىر كىچىك بالىنى يىتىلەپ ھارغىن قىياپەتتە كىرىدۇ.

مايىسخان: تاغا !( مىرزا رەھىمنىڭ باغرىغا ئېتىلىدۇ. باشقا قىزلارمۇ ئويغىنىپ مىرزا رەھىم بىلەن كۆرىشىدۇ).

مىرزا رەھىم: قىزلىرىم! سىلەر ھايات ئىكەنسىلەر.( قىزلارنىڭ خوشاللىق ياشلىرىنى كۆرۈپ)ھە،نىمە بولدۇڭلار؟! دۈشمەننىڭ يۈرىگىگە دەھشەت سالغان باتۇر قىزلار ئەسلىدە يىغلاڭغۇ ئىكەنسىلەر- دە.

زۆھرە: تاغا ئۆزىڭىزمۇ يىغلاۋاتسىزغۇ؟( ھەممەيلەن كۈلىشىدۇ)

مايىسخان:تاغا، قەلئە ئىچىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

مىرزا رەھىم: قىزلىرىم، ئولتۇرۇڭلار!( يانچۇغىدىن ئالما چىقىرىدۇ) مۆلجەر تاغنىڭ

http://ilkitap.blogbus.com

ئالمىسى. مايسىخان قىزىم ! پەقەت بىرنىلا ئېلىپ كېلەلىدىم. قېنى قىزىم.ئالما يەڭ. ( مايسىخان ئالمىنى ئېلىپ پۇراپ گۈلسارىگە بېرىدۇ)

مايسىخان: بۇ ئالمىنى سىلە يېسىلە.

گۈلسارە: رەھمەت! بۇنى باشقا سىڭىللىرىمىز يېسۇن. گۈلسارە ئالمىنى يېنىدىكى قىزغا بېرىدۇ، ئۇمۇ پۇراپ زۆھرەگە بېرىدۇ.زۆھرە ئۇنى يارىلانغان گۈلجامالغا تۇتىدۇ. بۇنى كۆرگەن مىرزا رەھىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيدۇ.

زۆھرە:گۈلجامال ئاچا بۇ بىر ئالمىنى ھەممىمىز ئۈچۈن سىلە يېسىلە، (گۈلجامال ئالمىنى پۇراپ، كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتىدۇ)

مىرزا رەھىم: قىزىم، سىلەرگە مۇسىبەت خەۋىرى ئېلىپ كەلدىم. شەھەر قولدىن كەتتى.

قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

مايسىخان: شەھەر قولدىن كەتتى؟ ياق بۇ مۇمكىن ئەمەس.

گۈلجامال: بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ مۇمكىن ئەمەس! ( مىرزىغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ)

مىرزا رەھىم: قەلئە جەڭنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن باشلاپ شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق كۈچىيىپ قارا كېزەك كېسىلى تارالدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋۇت سەرراپ، شىرىپ ئاقساقالغا ئوخشاش مۇناپىقلار ئاسىلىق قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئىچىۋەتكەنلىكتىن كۈچ جەھەتتە تەڭسىزلىك كېلىپ چىقىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. ئەسمىتۇللا بەگ ياۋلار بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى. سەردارنىڭ جەسىدىنى مۆلجەر تاقىقا دەپنە قىلدۇق، قالغان ئون نەچچە يىگىتلەر بىلەن دۈشمەننىڭ قورشاۋىنى يېرىپ چىقتۇق. جەڭدە يىگىتلەر شېھىت بولدى. ياۋنىڭ ئارقىمىزدىن ئاتقان ئوقى تاھىرجانغا تېگىپ ئۇمۇ شېھىت بولدى.

زەينەپ: بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ( مايسىخان غەزەپ ۋە ئەلەم ئىچىدە

http://www.uyebook.com

ھەجەرنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ)

مايسىخان: تاھىرجان ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. خۇدا ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلغاي.

مىرزا: تەرەپ- تەرەپتىن كەلگەن چىك لەشكەرلىرى بىلەن ياللانما قوشۇنلار بىرلىشىپ، شەھەر ئىچىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. سىلەر ۋە مۇشۇ ئىككىمىزلا قالدۇق.

مايسىخان: چىك خاندانلىقى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى گەرچە قوزغىلاڭنى باستۇرىۋېتەلىسىمۇ ، خانتەڭرى تاغلىرىنى تۈزلىۋېتەلمەيدۇ. زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن كۆرەشچان پۇقرالارنى، ئۇنىڭ باتۇر ئوغۇل- قىزلىرىنى تىز پۈكتۈرەلمەيدۇ.

گۈلسارە: مۆلجەر تاغنى تۈزلىۋېتىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئەلۋەتتە بىزنىمۇ قۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

مىرزا رىھىم:( يىنىدىكى تەۋەرۈك قىلىچنى يېشىپ ھۆرمەت بىلەن مايسىخانغا بۇرۇلىدۇ) قىزىم مايسىخان! بۇ ئۇچتۇرپان دىھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەۋەرۈكى. بۇنى سىزگە تاپشۇرىمەن.

مايسىخان تىزلىنىپ تۇرۇپ قىلىچنى ئالىدۇ.

مايسىخان: دادا! ئاكا !قېرىنداشلار (قىلىچنى كۆكسىگە ياقىدۇ. تاغ ئۈستىگە بىر تال ئوقيا چۈشىدۇ.گۈلسارە ئۇنى ئالىدۇ)

گۈلسارە : خەت ! ئاچا. ( مايسىخانغا خەتنى بېرىدۇ.مايسىخان خەتنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ)

مايسىخان: تەسلىمنامە؟ ئىپلاس بۇلاڭچىلار ! بىز ئاز بولساقمۇ ئىنسانى ۋىجدانىمىز، كىشىلىك غۇرۇرىمىز، ئاجىزلاپ كەتكىنى يوق !

قىزلار: ( قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ) ھۆرمەتلىك ئاچا! جەڭگە چىقىشقا ئەمىر

http://ilkitap.blogbus.com

بەرگەيسىز. ياۋلاردىن قىساس ئالغايمىز!

مايسخان: باتۇر سىڭلىلىرىم، جەڭگە تەييارلىنىڭلار، ئۇلار مۇناپىق ئابدۇللانى سوراپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۆلۈم كۈنى توشتى. ئۇنى ئېلىپ كىلىڭلار !

ھەجەر بىلەن زەينەپ تاغارغا سولانغان ئابدۇللانى ئېلىپ كىلىدۇ، مايسخان ئۇلارغا تاغار ئاغزىنى ئېچىشنى شەرەت قىلىدۇ. تاغارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ئابدۇللانىڭ يىرىم گەۋدىسى كۆرۈنىدۇ. قىزلارنىڭ غەزەپ- نەپرەتكە تولغان قىياپىتىنى كۆرگەن ئابدۇللا جالاقلاپ تىترىگىنىچە تاغار ئىچىدە تۇرۇپ قىزلارغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىدۇ.

ئابدۇللا: ھۆ... ھۆرمەتلىك سەر....سەردارا! بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە خېنىم. ئۆتكەن ئىشلارغا مىڭ تۆۋە قىلاي. با... باللىرىمنىڭ يۈزىنى قىلسىلا.

مايسخان: قان يالاپ ئۆگەنگەن ئىت ھامان گوداڭغا قارايدۇ. (دەرغەزەپ بىلەن قىلچىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەڭلەيدۇ). ئۆلۈم ئالدىدا باللىرىڭ ئىسىڭگە كىلىۋاتامدۇ؟ سەن بىزنى نەكويلارغا سالمىدىڭ؟ سەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بالا- چاقىسىغا رەھىم قىلغانمىدىڭ؟

گۈلسارە: ئابدۇللا!

ئابدۇللا: (ئالاقزادىلىك ئىچىدە) خوش مەلىكەم! مەن....

گۈلسارە: سەن مۇناپىق سانسىز ئانىلارنى باللاردىن ئايرىدىڭ. بىگۇناھ كىشلەرنىڭ جىنىغا زامىن بولدۇڭ.

ھەجەر: بىز سەنلەرگە يەر- زىمىن بەردۇق، بۇنىڭ ھىسابىغا سەن بىزگە خورلۇق،تەڭسىزلىك ئېلىپ كەلدىڭ. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە خەلقىمىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇردۇڭ. بۇنىڭ قىساسىنى كىمدىن ئالىمىز؟

زەينەپ: ئابدۇللا! ئىززىتىنى بىلمىگەننىڭ ئەدىۋىنى بىرىدىغان ۋاقىت كەلدى( مايسخانغا قاراپ) ھۆرمەتلىك سىڭلىم، بۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈپ

http://www.uyebook.com

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ئەمىر بەرگەيسىز.

ئابدۇللا:يا...ياق... باتۇرلار مەن سىلەرگە بەخت ئاتا قىلاي، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار( مايىسخان قىلىچنى يالىڭاچلاپ يېقىنلىشىدۇ)

مايىسخان: غالچىدىن بەخت تىلەش،كالىنىڭ مۆڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈشكە ئوخشاش ئىش.بەختنى پەقەت( قىلىچنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا تەڭلەپ) مۇشۇنىڭدىنلا تاپىمىز.

قىزلار چۆرىدەپ كېلىپ ئابدۇللاغا قىلىچ تىقىدۇ، ئابدۇللا سەت ۋاقىرىغىنىچە يەرگە يۇمۇلايدۇ، يىراقتىن كېلىۋاتقان قىلىچ- قالقان ئاۋازى كۆچىيىدۇ.

ھەجەر: سىگنىلىم ئەھۋال جىددىيلەشتى. ئۇدۇل تەرىپىمىزدىن ناشتۇڭنىڭ لەشكەرلىرى سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ.

مايىسخان: گۈلسارە، زۆھرە!

| | | |
|---|---|---|
| گۈلسارە: | } | خوش سەردار 1 |
| زۆھرە: | | |

مايىسخان: سىلەر لەشكەر بېشىغا ئېيتىڭلار.شەرق تەرەپتىن قانلىق يول ئېچىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشقا تەييارلانسۇن. مۇناپىق ئابدۇللانىڭ ئۆلۈگىنى تاغدىن پەسكە قارىتىپ دومىلىتىۋېتىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| گۈلسارە: | } | بولىدۇ سەردار!( ئابدۇللانىڭ ئۆلۈگىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ ) |
| زۆھرە: | | |

مايىسخان: ( مىرزىغا قاراپ) تاغا، ئىنىمىزنى تاغنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېلىپ چۈشۈپ كېتىڭ. ئۇچتۇرپانلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمىسۇن. قانلىق تارىخنىڭ تىرىك شاھىتلىرى بولۇپ قېلىڭلار. بىز سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمىز.

مىرزا رېھىم: ياق قىزىم. ئاخىرقى نەپسىمگىچە ياۋلار بىلەن جەڭ قىلىمەن.

سلەردىن ئايرىلمايمەن.

مايسخان: تاغا، قىزىڭىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىڭ. سىزنىڭ تاغدىن چۈشۈپ كىتىشىڭىزنى ئەمىر قىلمەن. بۇ ئىنىم ئۇچتۇرپانلىقنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى سىزگە ئامانەت!

مىرزا رىھىم: قىزىم، سلەرگە خۇدايىم نۇسرەت ئاتا قىلسۇن. خوش! ( تاغ ئۇستىگە چىقىدۇ).

مايسخان: تاغا مەن بۇ تەۋەرۈك قىلىچنى ئېنىم ئېلىغا تاپشۇرىمەن (قىلىچنى ئېلىغا بېرىدۇ)

ئېلى: ( قىلىچنى ئېلىپ) رەھمەت ئاچا! مەن چوڭ بولغاندا سىزدەك باتۇر بولىمەن.

خوشلىشىپ چىقىپ كىتىدۇ. سىرتتىن « تىز بولۇڭلار، كىم تۇتىۋالسا ئەللىك سەر كۈمۈش ئىنئام بىرىلىدۇ» دىگەن ئاۋازلار كۆچىيىدۇ. قىزلار جىددىلىشىدۇ. گۈلسارە بىلەن زۆھرە يارىلانغان هالدا كىرىپ كىلىدۇ.

گۈلسارە: ئەمرىڭىزنى بىجا كەلتۈردۇق، جەنۇپ تەرەپتىنمۇ ياۋلار قىستاپ كەلدى.(زەينەپ يۈگۈرۈپ كىرىدۇ)

زەينەپ: شىمال تەرەپتىن قەشقەردىن ئەۋەتكەن ياللانما لەشكەرلەر قىستاپ كەلدى.

مايسخان: ( قىزلارغا قاراپ)، هازىر يۈرتىمىز ئۈچۈن ئۆلۈپ، غەيۈرلىقىمىزدىن شان-شەرەپ قالدۇرىدىغان پەيت. گۈلجامال، جەملە سىلەر مۇشۇ تاغ ئىغىزىنى ساقلاڭلار! قالغانلار مەن بىلەن بىرگە مېڭىڭلار.

قىزلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ چىقىپ كىتىدۇ.قىلىچ- قالقان ئاۋازلىرى كۈچىيىدۇ.بەش قىز بىلەن چېرىكلەر سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن قىلىچلىشىپ كىرىپ كىلىدۇ. سەهنە ئىچىدە بىر نەچچە چېرىك يىقىلىدۇ. سەهنىدە چېرىكلەر كۆپىيىدۇ. بۇلار يەتتە قىزنى سەھنىنىڭ ئارخىرىغا قىستايدۇ. ئارقىدىن يىتىشىپ كەلگەن ناشتۇلۇڭ لەشكەرلەرگە ۋاقىرايدۇ.

ناشتۈك: تىرىك تۇتۇلسۇن، قاچۇرۇپ قويۇلمىسۇن!( مايىسخانغا قاراپ تەكەببۇرانە قىياپەتتە )ھا....ھا....سىزلەر تەسلىم بولسا، باش ئەگسە خان ھەزرىتى سىلەرنى كېنىزەك قىلسۇن. ( مايىسخان گۈلسارە بىلەن زەينەپكە بۇيرۇق قىلىدۇ).

مايىسخان: گۈلسارە، زەينەپ سىلەر زۆھرە بىلەن ھەجەرنى يۆلەڭلار، بىرگە ماڭايلى.( قىزلار بىر- بىرىنى يۆلىشىپ مايىسخاننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ.ساۋۇت يىتىپ كىلىدۇ)

ساۋۇت: ھە، ئەمدى بولمىدى قىزلىرىم، توۋا گۈنانى يەپتۇ دىگەن گەپ بار.دەرھال قورال تاپشۇرۇپ،خان ئالىلىرىغا ساداقەت بىلدۈرۈڭلار!

مايىسخان: (غالىبانە قىياپەتتە قىزلارغا قاراپ) قېنى قىزلار قىلىچىڭلارنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇۋىلىشىنى كۈتۈڭلار.( چېرىكلەرگە قاراپ) قېنى تاپشۇرىۋىلىڭلار!

يۈز بېشى: سادىق مۇسۇلمان، قېنى مەرھەمەت!

ساۋۇت: قېنى مەن تاپشۇرىۋالاي! ( ساۋۇت شاپاشلاپ مايىسخاننىڭ ئالدىغا بىرىپ قىلىچقا قولىنى سۇنۇشى بىلەن مايىسخان قىلىچىنى ساۋۇتنىڭ قورسىقىغا تىقىدۇ.)

مايىسخان: قىزلار تاغ ئۈستىگە چىقىڭلار! ( ناشتۈك قىلىچىنى كۆتىرىپ مايىسخانغا ئېتىلىدۇ، ئەمما يىقىنلىشالمايدۇ)

ناشتۈك : چېرىك !

چېرىك: بار.!

ناشتۈك : بېرىپ ئاگۇي جاناپلىرىغا ئېيت! بۇ چوققىنى زەمبىرەك بىلەن تۈپ-تۈز قىلىۋەتسۇن!

سىرتتىن توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. سەھنە ئىس- تۈتەك ئىچىدە قالىدۇ.

قىزلار:

ئەلۋىدا مۆلجەر تېغىنىڭ ھەر گىياسى ئەلۋىدا
بۇ ئەزىز ئۈچتۈرپىنىمىنىڭ تاغ- دالاسى ئەلۋىدا

مايىسخان تاغ چوققىسىدىن ئۆزىنى پەسكە تاشلايدۇ. قالغان قىز نەۋكەرلىرىمۇ بىر- بىرىنى يۆلەپ ئۆزلىرىنى پەسكە تاشلايدۇ. سەھنە قاراڭغۇلىشىپ، يەتتە قىز ئۆزلىرىنى تاشلىغان يەردىن تاشلىغان يەردىن كۆچلۈك گۈلخان كۆتىرىلىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى سەھنىدە يېتىپ قالىدۇ. ئارقىدىن سەھنە يورۇپ چېرىكلەرنىڭ ئۈستىنى تۇمان بىسىپ قىزىل ھەسەن-ھۈسەن نۇرلىرى بىلەن تاغ چوققىسى يېنىدىن رەخمىتۇللا بەگ، ئەسمىتۇللا بەگ، يەتتە قىز ئاستا-ئاستا كۆتىرىلىپ چىقىدۇ. ئارقىدىن كۆچلۈك ئاكورتلۇق خور ياڭرايدۇ.

خــــور

گـــۈزەل خانەڭرى باغرىدا ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدى،
بــــــاھادىر قېنىدىن رەڭدار بىزەلگەن مەنزىرە قالدى.
شەرەپ تارىخ بېتىگە زەر بىلەن ئۆڭمەس پۈتۈلگەچكە،
ئـۇنىڭ ھەر بىر قۇرىدىن ياش يۇرەككە خاتىرە قالدى.

( پەردە چۈشىدۇ)

( بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلى 3- ئايدا نەشر قىلىنغان« مۆلجەر تاغ بورانلىرى» ناملىق درامىلار توپلىمىدىن ئېلىندى.)

يەتتە قىزنىڭ شەنىگە ئاتاپ

ۋىسال ئىزدەپ بىر كۆنى ئويغا پېتىپ
كۆرۈپتىمەن ئۇ قىزلارنى ئويغا پېتىپ
هايهات! قاراڭ باشىدا تاجى رەۋەن
يەتتىلىسى شەمشادتەك، زەپمۇ لەۋەن
جىمى ئىقلىم پەرىسىنىڭ باشى ئىكەن
»توققۇز بۇلاق« سۇلىرى ياشى ئىكەن
قىيغان قەلەم قاشلىرى، چولپان كۆزى
نۇرلىرىدىن بولغۇسى تۈن كۈندۈزى
سۇمبۇل مىسال چاچلىرى تال-تال كېلۇر
هەر بىرىنىڭ مەڭزىدە بىر خال كېلۇر

**2**

كىرپىكلىرى ئوقيادەك ئويناپ كېلۇر
ئىشقى ئاتەش يۈرەكنى بويلاپ كېلۇر
ئېغىزلىرى ئويماقتەك، لېۋى غۇنچە
قايسى غۇنچە قىزارغان زادى شۇنچە؟
كېنىزەكلەر ئارقىدا سەپ- سەپ تۇرار
شۇ بۇ قىزلار شاهىغا بەزمە قۇرار
چىشى ئاپئاق سەدەپتەك پار-پار كېلۇر
بۇ پەرىنى سۆيگىلى مىڭ يار كېلۇر
چۈچۈپقىنا ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن
قانات قاققان چىن ئارزۇ قۇشۇم ئىكەن
شۇندىن بىرى ئاتلاندىم دىدار ئىزدەپ
ئاھ ئۇرارمەن كۆزلىرى خۇمار ئىزدەپ

**3**

تونۇشايلى يەتتە قىز ئىسمى بىلەن
گۈلگۈن رەڭلىك، يالقۇنلۇق جىسمى بىلەن
قىز سەردارى مايسخان تولۇن ئايدۇر
بەستى چىنار، شوخلۇقى قۇلۇن تايدۇر
لالە كىرپىك كۆزلىرى قارىتقاتتۇر
بۇ ماكاندا تىڭى يوق پەرىزاتتۇر
چۈشۈمدىكى پەرىنىڭ ئۆزى شۇدۇر
ئېغىزلىرى ،لەۋلىرى ، كۆزى شۇدۇر
ماڭسا- تۇرسا ھەمراھىدۇر ساۋاقداشلار
ئۆزى ئوخشاش سۇمبۇل چاچ- قەلەم قاشلار

4

ئۇ راستىنلا ئوت يۈرەك شائىر قىزدۇر
ئۇسۇلغىمۇ ئاجايىپ ماھىر قىزدۇر
بۇلبۇل پەرى ھاجىتىم چۈشتى ساڭا
تىلىم چولتا، كۆپ ياردەم بەرگىن ماڭا
ناۋا قىلغىن مايسەمنى ئايلانغانچە
تاپالمىدىم لايىق سۆز ئامال قانچە؟
ئاپتاپتىنمۇ ئىللىقتۇر مېھرى ئۇنىڭ
ئالەمدىنمۇ كەڭرىدۇر زېھنى ئۇنىڭ
يا جىسمىنى سۈت بىلەن يۇغۇرغانمۇ؟
پىراغىنى ئىپاردا سۇغارغانمۇ؟
ئاينى ئادەم تۇغامدۇ بۇ جاھاندا
ئاي يۈزىدە داغى بار ئاندا- ساندا

5

شۇنچە كۆركەم يازار ئۇ ھۆسنى خەتنى

خەتتاتلىقتا باغلىغاچ مۇھەببەتنى

كۆرۈپ قالسا ۋەسلىنى شاھزادىلەر

تائام يېمەي ئۇرغۇسى پەريادىلەر...

ئۇندىن قالسا دىلبەرنىڭ دىلى يۇمشاق

خۇددى بۇلبۇل ، شائىرە تىلى يۇمشاق

گۇلدىن گۇزەل ھۆسنىدە دىلبەر ئاتلىق

غەمكىن بۇلبۇل بىر كۆرسە تاپار شادلىق

پەرھاد كۆرسە شېرىننىڭ ئۆزى دەرلەر

ياقۇت كۆزلۈك ئۇزۈكنىڭ كۆزى دەرلەر

6

قىزلار ئىچرە غۇنچە قىز بىر جاناندۇر

كۆرۈپ قالسا ئاشىقلار باغرى قاندۇر

ناخشا ئېيتسا زېمىننى زىل- زىل قىلۇر

تۆمەنلىگەن بۇلبۇلنى خىجىل قىلۇر

باغدا بۇلبۇل سايرىماس گۈل بولمىسا

گۈلدىن ئۆزلۈك گۈل چىراي قەمبەرنىسا

بويى زىلۋا، قاشلىرى بەرگى قىياق

ئۇسۇل ئۇچۇن باغلىغان ئۇ ئىشتىياق

يەتتە قىزنىڭ ئىچىدە زۆھراسى بار

جاننى ئالۇر قاشنىڭ ئوقياسى بار

7

مەڭزى قىزىل قەشقەرنىڭ ئانارىدەك

جىسمى گۈلدۇر بەشكېرەم باھارىدەك

چالسا تەمبۇر قاشقا بۇلبۇل كېلۇر
سەنەم تارتىپ ھەر قېتىم ملك گۇل كېلۇر
قانداق تەسۋىر ئېتەيكىم گۇلئايىمنى
ئۆزى خۇشخۇي قوي كۆزلۈك مۇلايىمنى
شۇنچە نەپىس گۇل چېكەر كەشتىلەرگە
چىقسا گۇلدەك كۆرۈنەر رەستىلەرگە
خىجىل قىلۇر گۇللەرنى ۋەسلى ئۇنىڭ
گۇلدىن ئۆزلۈك گۇلمىكىن نەسلى ئۇنىڭ

8

قۇياشمىكىن ئايمىكىن ئەختەرنىسا
تۇن قاراڭغۇ بولغۇسى ئۇ بولمىسا
زەپ ياراشقان مەڭزىگە زىناقلارى
شامالدىنمۇ ئىنچىك ئاياقلارى
ئات ئۈستىدە كۆرستىپ ماھارەتنى
ھەر يۈرەكتە ئۇرغۇتار جاسارەتنى
ئوقيا، قىلىچ، شەمشەردە مەشىق قىلۇر
بۇرۇن بولغان جەڭلەرنى تەتقىق قىلۇر

ئىبراھىم قۇربانىنىڭ « يەتتە قىزلىرىم » داستانىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىلار ئۇچتۇرپاندىكى «يەتتە قىزلىرىم» خاتىرە سارىيى ( ئەسلى قانداق ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە شۇنداق دەپ ئاتاپ قويدۇم) غا ھۆسنىخەت قىلىپ يېزىلغان ئىكەن. يازدا خىزمەتداشلىرىم جەنۇپقا ساياھەتكە بارغاندا سۈرەتكە تارتىۋېلىپتىكەن. بۇ پارچىلارنى مۇشۇ جايغا قىستۇرسام مۇۋاپىق بولغۇدەك دەپ ئويلاپ قوشۇپ قويدۇم.

# ئامەتنىڭ چاقچىقى

**(كومېدىيىلىك فىلىم)**

ئاپتورى:كامال ئالىم

كومپيۇتېرغا كىرگۈزگۈچى:  ئابرال

http://ilkitap.blogbus.com

فىلىمدىكى پېرسوناژلار:

1.نۇرمەمەت- كەمستىلگەن ئىسمى نۇرەك،كەمستىلگەن لەقىمى چوقەي، پادىچى.

2.گۈلسۇم – ئاق كۆڭۈل يېزا ئايالى،نۇرمەمەتنىڭ ئايالى.

3.جۈرئەت،ئەكبەر – نۇرمەمەتنىڭ بالىلىرى.

4.ياسىن – تەمبەل كەلگەن،قىسقا بۇرۇت قويغان ئادەم،نۇرمەمەتنىڭ شېرىگى،سانىيەنىڭ ئاشنىسى.

5.ئالىم – ئورۇق،ئېگىز.نۇرمەمەتنىڭ ھەمراسى.

6.سانىيە – نۇرمەمەتنىڭ قانۇنسىز ئايالى،سەتەڭ.

7.يېزاباشلىقى،كەنت باشلىقى ۋە باشقا ئادەملەر.

http://www.uyebook.com

## 1- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى مەلۇم يېزا.

هايدا كالاڭنى! دىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ مەلۇم يىزىنىڭ كونا قىياپىتى كۆرسۈتۈلىدۇ.هايدا كالاڭنى!ھەرخىل داۋۇازىلاردىن چوڭ- كىچىك كالىلارنى ھەيدەپ چىقىۋاتقان ئەر –ئاياللار كۆرۈنىدۇ.پۈتىغا كونىراپ كەتكەن سىرىق چوقەي كىيگەن،بىشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل دوپپا كىيگەن چاچ – ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ،يىشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان بىر ئادەم هايدا كالاڭنى! دىگىنىچە بىر قولىدا پادىچى تايىقى تۇتقان ھالدا بىرقانچە كالىنى هايداپ ئىكرانغا يىقىنلىشىدۇ.هايدا كالاڭنى ! كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ.

چىرايلىق ياسالغان بىر داۋۇازىدىن بىر چوكان كالىسىنى هايداپ چىقىدۇ. ۋە پادىچىغا قاراپ :

چوكان:-هوي نۇرەك ،تۈنۈگۈن كالامنى ئىمىپ ئالدىڭمۇ نىمە؟قورسۇقىغا قارىسام داردىيىپ كىتىپتۇ،يىلىنىغا قارىسام سۈزمە خالتىدەك. دەيدۇ.

نۇرمەمەت:ھە تۈنۈگۈن ئىرىڭىز بىرىپتىكەن «ئوتتۇز يىلدىن بىرى تاي ،تاي بولۇپ كىلىۋاتىمەن،قانداق قىلسام ئات بولارمەن» دىدى.مەن «كالاڭنى ئەمگىن»دىسەم تازا بىر ئىمىپ ئالدى.ئاخشام ئاتتەك ئۆيگە كىرگەندۇ. دەپ ئايالغا جاۋاپ بىرىدۇ پادىچى ۋە ئۆزىمۇ كۈلىدۇ.-ها ها ها...

چوكان:-هوي تىلىڭگە مەرەز چىققۇر نورەك چوقەي.چوكان بويىنىنى سىلكىپ قوراغا كىرىپ كىتىدۇ.

يەنە بىر داۋۇازىدىن بىر بۇۋاي كالىسىنى هايداپ چىقىدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

نۇرمەمەت: -ئەسسالامۇ –ئەلەيكۇم سادىقكا .پادىچى سالام بىرىدۇ.

سادىق بۇۋاي:-ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! ھە نۇرمەمەت كالىلار ياخشى تويۇپ كىلىۋاتىدۇ جۇمۇ.ھەدەڭ سىنىڭ ياخشى گىپىڭنى قىلىدۇ.مۇنۇ مايلىق توغاچنى ھەدەڭ بەردى.دىگەچ بىر توقاچنى نۇرمەمەتكە بىرىدۇ.سادىق دىگەن ئادەم.

نۇرمەمەت:-رەھمەت سادىقكا.دىگىنىچە پادىچى توغاچنى بوينىغا ئىسىۋالغان لاتا سومكىسىغا سالىدۇ.ھايدا كالاڭنى!

## 2- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى شۇ يىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ساسلىق.

قۇمۇشلۇق ،يۇلغۇنلۇق ئاندا –ساندا يوغان كىچىك قارىياغاچ ۋە سۆگەتلەر بەزەن ساسلىقلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇقلاردا بىردىن ئىككىدىن ئوتلاپ يۈرگەن كالىلار كۆرۈنىدۇ.پادىچى نۇرمەمەت بىر قىرى قار ياغاچنىڭ سايىسىدا پۇتلىرىنى منىگەشتۈرۈپ ئىككى قولىنى بىشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئىيتماقتا.كاككۇكلارنىڭ ئاۋازى ۋە ئارلاپ كالىلارنىڭ مۆرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ.شۇ ئارلىقتا ئشەك منىگەن ئون ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا پادىچىنىڭ يىنىغا يىقىنلىشىدۇ ۋە

بالا(جۇرئەت): - دادا ،دادا دىگىنىچە ئىشەكتىن چۈشۈدۇ.

نۇرمەمەت: -ھە نىمە دەيسەن .دەپ نۇرمەمەت بىشىنى كۆتۈرىدۇ.

جۇرئەت:-منى ئاپام ئەۋەتتى ۋەلىكامنىڭ بىر كۇنلۇك لايچىلىقى باركەن قارىشىۋەتسۇن دەيدۇ.پۇلى نەقكەن.ئۈيدە ماي،تۇز تۈگەپتۇ.مەن پادىغا قاراپ تۇرغۇدەكمەن.سەن ۋەلىكامنىڭ ئىشىنى قىلغۇدەكسەن.دەيدۇ بالا.

پادىچى ئىرىنچەكلىك بىلەن غۇدۇڭشىغىنىچە ئورنىدىن تۇرىدۇ .

http://www.uyebook.com

نۇرمەمەت:- ياﺋاللا ، ماي،گۆش،تۇزدىگەنلەر قاچان تەل بولار،باللىرىمنىڭ ئەڭلى يوق، ئەلگەكنى تاپسام تەڭنە يوق دەپ،خەققە مالاي بولۇپ ئۆتەرمىزمۇ.دىگىنىچە بالا مىنىپ كەلگەن ئىشەكنى مىنىپ سازلىق ، قومۇشلۇقلار ئارىسىنى ئارلاپ كىتىپ قالدۇ.بالا قولىدا تايىقىنى تۇتقان ھالدا كالىلارتەرەپكە ماڭدۇ.ھۇ،چۇ ، بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

3- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز ،ئورنى شۇ يىزىنىڭ مەلۇم كوچىسى.

نۇرمەمەت پادىچى كەڭلىكى 3،4 مىتىر،ئۇزۇنلۇقى 5،6 مىتىر كىلىدىغان ئورەك ئىچىدە لاي ئەتمەكتە.پۇتۇن بەدىنى قارا لايغا مىلەنگەن، ئادەم تونۇغىسىز ھالدا.

شۇ ئارلىقتا موتۇسىكىلىت مىنىپ قارا كۆزئەينەك تاقاپ يۇقۇردا ئىسمى ئاتالغان ۋەلى دىگەن 25 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت يىتىپ كىلىدۇ ۋە ئورەكتىن يىراق ئورۇندا توختايدۇ.موتۇسىكىلىتتىن چۈشمەي تۇرۇپ،

ۋەلى:پاھ-پاھ مانا ئەمدى نۇرەك چوقەينىڭ ئۆزى بوپسەن،چوقەي دىگەنمۇ ياخشى نەرسە جۇمۇ،سەن لاتىسسىدىنمۇ يا تىرىسسىدىنمۇ؟

ھا ھاھا... ۋەلى نۇرمەمەتنى شاڭخۇ قىلغاچ مۇتۇسىكىلىتتىن چۈشۈپ ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇدۇ.

پادىچى نۇرمەمەت ھارغىن ھالدا يەنىلا ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ.

ۋەلى:ئەتە يەنە بىر كۈن ئىشلەۋەت قانداق؟دەيدۇ ۋەلى.

نۇرمەمەت:پۇلىچۇ؟دەيدۇ نۇرمەمەت پادىچى لاي ئاغزىنى لاي كۆيىنىكىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن ئىتتاچ.

ۋەلى:ھوي گەپ چوڭغۇ،ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان دەپ ئاغزىڭ پۇلغا يۇگرەپ

قاپتىغۇ،كانىيىڭغا 15سوم كىرىپ كەتتى جۇمۇ چوقەيكا غىلك قىلماي ئىشلە ۋىرىك .دىگىنىچە ۋەلى موتۇسكىلىتنى مىنىپ كۆرەڭلىك بىلەن توپا توزۇتۇپ كىتىپ قالدۇ.ئورەك ئىچىدە كەتمىنىگە تايىنىپ بىر لاي ئادەم قالدۇ.

4- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى شۇ يىزا نۇرمەمەت پادىچىنىڭ ئۆيى.

مەھەللىنىڭ چىتىگىرەك جايلاشقان دارۋازىلىرى تاللىن توقۇلغان،كونىراپ كەتكەن ئىككى ئىغىز تام ئۆي ،ئالدى قومۇش بىلەن توقۇلغان يازلىق چايخانا .قورا ئىچىدە بولۇشقا ئۈسكەن 4،5 تۈپ ئۈرۈك ۋە ئالما ،بىر تەرىپى ئۆرىلىپ كىتىپ تىرەك قويۇلغان ئىشەك ۋە كالا ئىغىلى كۆرۈنىدۇ.

چايخانىدا نۇرمەمەت پادىچى بىلەن ئايالى گۈلسۇم چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بولىدۇ.گۈلسۇم سۆزلىمەكتە.

گۈلسۇم:- جۇرئەتنى پادىچىلىققا ياردىمى بولار دەپ مەكتەپتىن چىقىرىۋالدۇق، ئەمدى كىچىگىنى قانداق قىلىمىز،پۇل بولمىسا قانداق ئوقۇتىمىز، پادىچىلىقتىن تاپقان پۇل كانايدىن ئاشمايۋاتىدۇ.ياكى يىرىمىزنى تىرەلمەيۋاتىمىز.نىمە؟ قەرز؟نىمە قەرز خۇيما تويدىغۇ بۇ قەرزدىن .مۇشۇنداق ئۆتتۇرىمىزمۇ.ئۆينىڭ ئەھۋالى مانا بۇ.گۈلسۇم قولى بىلەن كونىراپ كەتكەن ئۆيىنى كۆرسىتىدۇ.

نۇرمەمەت:-مەن قانداق قىلىمەن ئەمىسە.نۇرمەمەت خوتۇنىغا ۋاقىرايدۇ.بىرسىنى بۇلايمۇ؟يا ئوغۇرلۇق قىلايمۇ؟

نۇرمەمەت:-سىزنى ئۇنداق قىلىك دىمىدىم،باشقىلار ئۇنداق – مۇنداق ئىشلانى قىلىپ يىلدىن-يىلغا بىيىپ قالدى.كالا باقمەن دەپلا يۈرمەي باشقىچە بىرەر ئىشنى ئويلۇشۇپ كۆرمەيلىمۇ دەيمنا .دەيدۇ گۈلسۇم.

نۇرمەمەت:-هازىرچە ئۆلۈپ قالمىدۇققۇ،يالغۇز بىزلىمۇ ،شۈكرى دە خوتۇن .ئىش

قىلىپ موراڭدىن ئىس چىقىپ تۇرۇدۇغۇ.دەيدۇ نۇرمەمەت ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كوچىغا ماڭىدۇ.سەككىزلەرگە كىرىپ قالغان بىر بالا سومكىسىنى مايماق ئىسىپ قوراغا كىرىپ كىلىدۇ ۋە —چىيىمنى چاققان بەر ئاپا ،ئاكامنىڭ يىنىغا پادىغا بارىمەن دىگىنىچە سومكىسنى جوزا تۈۋىگە پىقىرتىپ تاشلاپ جوزىغا كىلىپ ئولتۇرىدۇ.جوزا ئاستىدىكى موشۈك بالىنىڭ سومكىسنى سۆرىگىنىچە جوزا ئاستىغا كىرىپ كىتىدۇ.

## 5- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى شۇ يىزا.

يىزىنىڭ تۆت كوچا ئىغىزى مەلۇم تام دۇكان .ئاندا – مۇندا ئادەملەر سودا قىلىپ كەتمەكتە.دۇكان ئالدىدىكى ياغاچ سايىسدا دۇكاننىڭ تىمنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ بىر قانچە قىرى –ياش قىزغىن پاراڭ قىلىشماقتا.موخۇركا چەكمەكتە.

1- ئادەم(ئىكراندا زاكىر لەقىمى مۇشۈك دىگەن خەت كۆرىنىدۇ): -ئامرىكا زوكتۇكى رىگان دىگەننى ئەرتىس دەيدىغۇ؟

2- ئادەم(ئىكراندا بارات لەقىمى تاي دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ): - بۇرۇن ئەرتىس بوپتىكەن.

1-ئادەم: -نىمە بولسا بولدى زادى ئەرتىس بوپتىكەنغۇ؟

3- ئادەم:-پۇل بولسا سەنمۇ زوكتۇك بولالايسەن.لىكىن سەن جوزىنىڭ ئاستىغا زوكتۇك بولساڭ بولىدۇدە.

3-ئادەم: -چاشقانلارغا دەڭلار.ها ها ها... كۇلكە.

4- ئادەم: -ساچىر خانىمنى دەڭلار،ئايال تۇرۇپ نى نى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ جۇمۇ.

2-ئادەم:  -شۇنداق خوتۇنلاردىن ئىلىشۋالسا ئادەم.پاھ-پاھ..

1- ئادەم:  -ئۇغۇ شۇنداق لېكىن سىنىڭ يېشىڭ توشمىغان تاي تۇرساڭ. ساچىر خانىم مىنىۋالسا كۆتىرەم بولۇپ قالىسان جۇمۇ.ھاھاھا...كۈلكە

شۇ ئارلىقتا ئۆزىچە غىڭشىپ نورەك چوقەي چالا مەس بۆلارنىڭ يېنىغا كىلىدۇ ۋە تىلىنى چايناپ.

نۇرمەمەت:- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.دەيدۇ مەس ھالدا لىڭشىپ.

1-ئادەم:-ھوي نۇرمەمەتتۇ بۇ.ئۇيناپ قويۇپسىلەردە.دەيدۇ 1-ئادەم.

نۇرمەمەت:-ئاغىنىلەر يولۇقۇپ قىلىپ ئاز-تولاقىقىۋالدۇق.دەيدۇ نۇرمەمەت ئالدى كەينىگە مىڭىپ.

5- ئادەم(ئىكراندا قادىر لەقىمى ئەزمە دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ): ئاغزىڭ كۆپۈك قايناپ كىتىپتۇ.ھاراق ئىچمەي ساسلىقتا  كالا ئەمدىكىمۇ نىمە؟ھاھاھا....كۈلكە.

نۇرمەمەت:-كالا دىگەننى ئىمەلگەن ئادەم ئىمىدۇ.سەندەك ئەزمىلەر ئەمسە ئاغزىڭداسۇت قىتىق بولۇپ قالىدۇ جۇمۇ.دەيدۇنۇرمەمەت ئىككى قولى بىلەن تىزىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈپ،باشقىلارمۇ كۈلىدۇ.

1-ئادەم:  -پاھ-پاھ نۇرمەمەت تازا ئىچلىپسەن بۈگۈن گۈلسۈم خوشالىلىقىدا ئۇخلىماي چىقىدىكەندە ھاھاھا....

نۇرمەمەت ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ،

نۇرمەمەت:  - كەتتۇق ئەمسە .دىگىنىچە يەنە خىڭشىپ ناخشائېيتىپ دەلدەڭلىگىنىچە كىتىپ قالىدۇ.

6-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى 2-كۆرۈنۈشتىكى پادا باقىدىغان ساسلىق.

كاللار بىردىن- ئىككىدىن ئوتلىماقتا نۇرمەمەت يەنىلا ھىلىقى ياغاچنىڭ

http://www.uyebook.com

سايىسدا دەم ئېلىپ ياتماقتا.شۇ ئارىلىقتا موتۇسىكىلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.ۋە يېتىپ كېلىدۇ.قارا كۆز ئەينەك تاقىغان ۋەلى موتۇسىكىلىتتىن چۈشمەي تۇرۇپ

ۋەلى: - ھوي نورەككا بىر ئالان تۇتۇپ بەرسەڭ بولاتتى.شەھەردىن تۇققانلار چىقىپتۇ،دوراقىلىغۇدەك. دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-قانچە بېرىسەن.دەيدۇ نورمەمەت قارىياغاچ سايىسىدا ئولتۇرغان ھالدا.

ۋەلى:-بەش سوم بېرىمەن.ۋەلى بەش بارمىقى بىلەن نۇرمەمەتكە كۆرسىتىدۇ.

نۇرمەمەت:-ئون سوم بەر.دەيدۇ نۇرمەمەت.

ۋەلى:-نىمە دەيدۇ مۇنۇ چوقاي.تۇتساڭ تۇت تۇتمىساڭ تۇتىدىغان ئادەم جىق جۇمۇ. ھالىڭغا بېقىپ ھال تات،خالتاڭغا قاراپ ئۇن تات دەپ ئۆزەڭنى ساتسا ئون سومغا ئالمايدۇ.مۇنۇ موتۇنى مىنىپ ئالدىڭغا ئالايتەن كەلدۇق جۇمۇ.مە پۇلۇڭنى ئال .ۋەلى شۇ گەپلەرنى قىلغاچ بەش سوم پۇلنى نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بىرىپ ساسلىقتا موتۇسىكىلىتنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىپ كىتىپ قالىدۇ.ياغاچ تۈۋىدە نۇرمەمەت ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىغىدىكى 5 سوم پۇلغا قارىغىنىچە قالىدۇ.

## 7-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ئورنى يۇقارقى سازلىق.

نۇرمەمەت ساسلىق ،چىغلىق،دۆڭلۈكلەرنى قولىدىكى تاياق بىلەن ئاختۇرۇپ ئالان ئىزدىمەكتە .تۇيۇقسىز بىر ئالان ئۇچراپ قالىدۇ.نۇرمەمەت ئالاننى تاياق بىلەن ئۇرۇدۇ.لىكىن ئالان قېچىپ كىتىپ،ئىگىزرەك بىر يارنىڭ تۆشۈگىگە كىرىپ كىتىدۇ.نۇرمەمەت تايىقى بىلەن تۆشۈكنى كولاشقا باشلايدۇ.نۇرمەمەتنىڭ تايىقى بىر نىمىگە تەككەندەك بولىدۇ.نۇرمەمەت تۆشۈكنى داۋاملىق كولاپ چوڭايتىدۇ.ئاخىرىدا نۇرمەمەت تۆشۈك ئىچىدىن كىچىكرەك بىر كوزىنى ئىككى

http://ilkitap.blogbus.com

قولى بىلەن تۇتۇپ ئالدىغا ئىلىپ چىقىدۇ.ئىكراندا كوزا تولۇق كۆرۈنىدۇ.كوزىنىڭ ئاغزى توپا بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ،نۇرمەمەت قىزىققان ھالدا كوزىنى يەرگە دۈم قىلىدۇ.كوزا ئىچىدىن باشتا توپا تۆكۈلۈپ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىقچە ئالتۇن ۋە بىرقانچە ئون ئالتۇن تىللا يەرگە چۈشىدۇ.نۇرمەمەت چۆچۈپ كىتىدۇ.ئەتراپىقا قارايدۇ.ھودۇقىدۇ.-ياتالالا،بۇ نىمە كارامەت. دىگىنىچە ياقىسىنى تۇتىدۇ.شۇ ئارلىقتا نۇرمەمەتتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئۇستىگە ئوخشاش پىرىجە كىيگەن،ئوخشاش سەللە يۆگىگەن قوللىرىدا ئوخشاش داپ تۇتقان ئىككى بالا پەيدا بولىدۇ ۋە داپنى چىلىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

ھەي نۇرمەمەت نۇرمەمەت ،

ئامەت تاپتىڭ،پۇل تاپتىڭ.

ئەندى قانداق قىلارسەن،

قىينالماستىن يول تاپتىڭ.

ئەندى قانداق قىلارسەن،

قايسى يولدا ماڭارسەن.

تۇتالمىساڭ ئامەتنى ،

چوقاي بولۇپ قالارسەن.

باللار غايىپ بولىدۇ.

نۇرمەمەت ئولتۇرغىنىچە ئالتۇن تىللارغا قاراپ قالىدۇ.

8-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى مەلۇم شەھەر.

بازار ئىچى مەلۇم كاۋاپچىنىڭ دۇكان ئالدى.بىر ئۇستەلدە نۇرمەمەت قىسقا بۇرۇت قويغان ياسىن ۋە ئورۇق ئىگىز ئالىم دىگەن ئادەملەر بىلەن كاۋاپ يەپ ھاراق

ئىچمەكتە.

ياسىن :-دىمەمسەن نۇرمەمەت بىر گېپىم بار دەپ بىزنى بۇيەرگە باشلاپ كەلدىڭ سارالىق.دەيدۇ.

ئالىم:-ھە شۇنداق گېپىڭنى قىلمامسەن ؟بۇلە.دەيدۇ.

نۇرمەمەت: -ھېچكىمگە دىمەيمىز دەپ قول بىرىپ قەسەم قىلىش.دەيدۇ.

ئالىم ياسىنلار قول بىرىپ قەسەم قىلىدۇ.

نۇرمەمەت:- ئىلان قوغلاپ بىر تۆشۈكنىڭ ئىچىدىن بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋالدىم.دەيدۇ.

ئالىم ۋە ياسىن: راستما ؟دەيدۇ ھودۇقۇشۇپ.نۇرمەمەت بىر تال ئالتۇننى كۆرسىتىدۇ

ئالىم ياسىنلارنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ ھودۇقۇپ قورققاندەك بولۇشۇدۇ.

ياسىن:-بىرىسىگە دىدىڭمۇ؟دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-ياق.

ئالىم:-خوتۇنۇڭغا ئېيتتىڭمۇ؟

نۇرمەمەت:-نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي سىلەرنى ئىزلەپ كەلگەن.

ياسىن :-خوتۇنۇڭغا دىمەي توغرا قىپسەن.خوتۇن دىگەننىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا ،بىرسىگەدەپلا قويسا ،تاپقان نىمەڭنى ھۆكىمەت ئىلىپ كىتىدۇ جۇمۇ؟

ئالىم:-مانا مەن ئالتۇنۇڭنى سۇ قىلىپ بىرىمەن.دەپ نۇرمەمەتنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇدۇ.

ياسىن:-قورقما،ئاغزىڭنى مەھكەم تۇت بىز سىنى يولغا باشلايمىز.ئەكەل قولۇڭنى پۇل سەندىن،ھەركەت بىزدىن بىر-بىرىمىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز.دەيدۇ.

نۇرمەمەت ،ياسىن ،ئالىملار قول بىرىپ قەسەم قىلىشىدۇ.

9-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى نۇرمەمەت پادىچىنىڭ ئۆيى.

چايخانا نۇرمەمەت بىشىغا بىر تال ياستۇقنى قويۇپ،ئوڭدا يىتىپ موخۇركا چەكمەكتە.ھالقا – ھالقا ئىسلار نۇرمەمەتنىڭ ئاغزىدىن توختىماي چىقماقتا.نۇرمەمەت ئۇيان – بۇيان ئۆرۈلمەكتە.چوڭقۇر خىيالغا چۆكمەكتە.ئايالى گۈلسۇم چوڭ بىر باغلام چۆپنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ چايخانا ئالدىغا كىلىپ چوپنى ئاچچىقلاپ يەرگە تاشلايدۇ ۋە تەرنى باش ياغلىقى بىلەن ئېرتتاچ:

گۈلسۇم: – نۇمۇس قىلىڭ جۇمۇ نۇرمەمەت،نەچچە كۈن بولدى ياتقىنىڭىز –ياتقان . ياپادىغا چىقمايسىز؟يا بىرەر يەردە ئىشلىمەيسىز؟!10ياشلىق جۇرئەتكە ئۇگال.بىر كۈن ساق بولسىڭىزبىر كۈن مەس. قولۇمنى كۆسەي چىچىمنى سۈپۈرگە قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم. دەيدۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

نۇرمەمەت:-ھوي چۆپ ئەكەلسەڭ ماڭا ئەكەلدىڭمۇ؟ئەكەلسەڭ كالاڭغا ئەكەلدىڭ.ۋاقىرايسەنغۇ خۇددى مىنى سەن خوتۇنلۇققا ئالغاندەك.داداڭ بىر چىشقاق موزاينى بىرىپتىكەن،نەسىلىك كالا دەپ ئەجەپ پىشانەمگە ئورۇپ كەتتىڭا.ئۆيۈڭدىن بىر چىقىپ كىتىمەن.ئەرگە تەككەنگە تويىسەن جۇمۇ.نۇرمەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاقىراپ-جاقىراپ سۆزلەپ كىتىدۇۋە ئاخىرىدا

نۇرمەمەت: - بىشىڭغا كىيە ئۆيۈڭنى .دىگىنىچە يالاڭ چاپىنىنى مورىسىگە تاشلىغىنىچە كوچىغا قاراپ ماڭىدۇ.گۈلسۇم ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن چۆپنىڭ ئۈستىدە يىغلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

10-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى مەلۇم شەھەر.

http://www.uyebook.com

مەلۇم زەرگەر دۇكان ئىچىدىن ئالىم،ياسىن،نۇرمەمەتلەر چىقىپ كىلىدۇ.

ياسىن:-قانداق رازى بولغانسەن.100مىڭ سوم قولۇڭغا تەگدى.قالغان ئالتۇنلىرىڭنى ساقلاپ مەھكەم قوي،خوتۇنۇڭغا تىنما .دەيدۇ كۆرە ڭلىگىنىچە.

ئالىم:-ئەندى قولۇڭغا پۇل كىردى نىمە قىلاي دەيسەن نۇرمەمەت.

ياسىن:-ھازىر ئورۇسلار تازاكىلىۋاتىدۇ.ئالىم ئىككىمىز ئورۇسلارغا ياڭپىلىك كۆرسۈتۈپ پۇل تىپىۋاتىمىز.سودا شۇنداق ياخشى لىكىن پۇل يوق.مىنىڭچە بىر دۇكان ئىچىپ سەن دۇكاندا تۇرساڭ،بىز ئۇرۇمچىدىن مال ئەكەلسەك.مانا شۇچاغدا باي بولمىغىنىڭنى كۆرەي.دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-ئۇنداق ئىشلارنى قىلالماسمەنمىكىن جۇمۇ.مەن كالا قوي ئىلىپ باقايمىكىن دىگەن.دەيدۇ.

ئالىم:-نىمە دەيدۇ مۇنۇ سارالىق داڭگال.توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ،ئۆچكە جاڭگال دەپ يەنە شۇ سازلىقلىرىڭنى ئويلاپ قاپسەنغۇ؟گاداي بولساڭ شە تالاش دەپ سالقىن دۇكاندا ئولتۇرۇپ ،ئۈچ ۋاق بازارنىڭ ياخشى تامىقىنى يەپ پۇل تاپماسسەن.ئاشۇ سارالىقلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ھالىڭ نىمە بولماقچى.ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرمەمەت قانداقلارچە تىز باي بولۇپ كەتتى دەپ مەلىدىكىلەر ساقچىغا دەپ قويسا ئالتۇنۇڭمۇ يوق،ئۆزەڭ تۈمىلەرنى ئارىلاپ چىقسەن.شەھەردە بولسا بىرسىنىڭ دۇكىنى ئىجارىگە ئىلىپ ئىچىۋاتىمەن دەيسەن ۋەسسالام.دەيدۇ.

ياسىن:-توپتوغرا.سەراغا چىقساڭ بالاغا قالغىنىڭ شۇ.شە دىگەننىڭ ئىتىكى كەڭ ،قانداق قىلمەن دىسەڭ شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئىشىڭنى بىز بىلىمىز.بىزدىن ئايرىلساڭ سىنى بۆرە يەيدۇ جۇمۇ.تولا ئارىسالدى بولماي جۆرە ئاشخانىغا قوساق ئىچىپ كەتتى.دەيدۇ .ئالىم ،ياسىن،نۇرمەمەتلەر يۈرۈپ كىتىدۇ.

11-كۆرۈنۈش

http://ilkitap.blogbus.com

ۋاقتى ياز .ئورنى شۇ يىزا

نۇرمەمەت پادىچىنىڭ ئۆيى .ھىلقى چايخانا .نۇرمەمەت چايخانىدا ئولتۇرۇپ ئايالى گۈلسۈمگە چالۋاقاپ سۆزلىمەكتە.

نۇرمەمات:-بازاردىن بىرتونۇشۇمنىڭ دۈكىنىنى ئاچىدىغان بولدۇم.پادا كالىنى جۇرئەت بىقىپ تۇرسۇن.دەيدۇ.

گۈلسۈم:-سىز شەھەرگە كىرىپ كەتسىڭىز،مۇشتۇمدەك جۇرئەت پادىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىدۇ ،مەن قايسى بىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىمەن.دۈكان ئاچقىڭىز كەلسە نەسىللىك تايىنچىنى سىتىپ،مەلىدە ئاچسىڭىزمۇ كىرىمى ياخشىغۇ،كالىنىڭ سۈتىنى مەن ساتاي،پادىنى جۇرئەت باقسۇن.دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-بولدى قوي.كالاڭنى سىتىپ دۈكان ئىچىپ مەلەڭگە سىركە لازا ساتايمۇ؟دادام بەرگەن كالا دەپ ئۇنىڭ دەردىنى تارتايمۇ؟

شۇ ئارلىقتا گۈلسۈمنىڭ دادىسى كىرىپ كىلىدۇ.(ئىكراندا<گۈلسۈمنىڭ دادىسى تايىرئاخۇن>دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ.

تايىرئاخۇن:-ۋۆي نىمە بولدۇڭلار؟! ئاۋازىڭلارھەشكە چىقىپ كىتىپ سىلەرنىڭ جىدەللىڭلار قاچان تۈگەيدۇ.دەيدۇ.

گۈلسۈم ۋەقەنى ئىيتىدۇ.

تايىرئاخۇن:-نۇرمەمەت شۇنچە يىراقتا نىمە قىلىسىز؟ئۇششاق باللىرىڭىزنى تاشلاپ،شەھەردە دۈم يىتىپ،دۈم قوپۇپ يۈگىچە مەلىدە ئاچسىڭىز ياخشىكەن. نىمە بولغان بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ مەلىسىدە دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-گۈلسۈمنى ئاز دەپ ئەمدى سىز ئارلاشتىڭىزغۇ؟مەنمۇ ئىككى باللىنىڭ دادىسى ئاق – قارىنى بىلگۈچىلىگىم بار.بىر كالا بىرىپ قويۇپ ئاتا –با لا ئەجەپ يوغان گەپ قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟دەيدۇ نۇرمەمەت قوللىرىنى شىلتىپ.

http://www.uyebook.com

دۆيجاڭ باست كىرىپ كىلدۇ.(ئېكراندا دۆيجاڭ باست دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ).

دۆيجاڭ باست:-هاي – هاي نۇرمەمەت گەپنى ئاۋايلاپ قىلايلى،قانداق بولمىسۇن تايىركام سىزنىڭ دادىڭىزدە.گەپ بولسا چىرايلىق دىمەمسىز.دەيدۇ.

نۇرمەمەت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كىتىدۇ.

نۇرمەمەت:ۋوي ئەمدى سەن قالدىڭمۇ؟سىنىڭ نىمە چاتىقىڭ.دەيدۇ.

دۆيجاڭ باست:نىمە دىگەن بىلەن مىنىڭ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئارىلىشىدىغان هوقۇقۇم بار.مۇنداق ئېيتقاندا سەن بىلەن تەڭ بولسامۇ،ئۆزەڭلار مىنى بىزنى باشقۇرالايدۇ دەپ دۆيجاڭ سايلىغان.كەنت قەرزىڭنى كۆتۈرىۋېتىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. يىرىڭنى كەنت تىرىپ بەرسە،دۇكان ئاچىمەن دىسەڭ كەنت ياردەمدە بولساق.

نۇرمەمەت:-ۋاي بولدىلا،قۇلىقىمنى تولا ئاغرىتماي،چىقىشە هەممىڭ ئۆيىدىن.

يەنە شۇ ئارلىقتا بىرقانچە خوشنىلار كىرىپ كىلىدۇ.ئۇلارمۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ.نۇرمەمەت چالۋاقاپ ئۆزىنىڭ شەهەرگە كىرىپ كىتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇدۇ.گۈلسۈم يىغلايدۇ.

## 12-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى مەلۇم شەهەر.

بازار ئىچى مەلۇم دۇكاندا نۇرمەمەت سودا قىلماقتا.دۇكان ئىچىگە هەرتۈرلۈك كىيىم كىچەكلەر ئىسىلغان.تاي –تاي ماللار دۆۋىلانغان بولىدۇ.شۇ ئارلىقتا ياسىن دۇكانغا كىلىدۇ .

ياسىن:-بىزنىڭ هىساپ كىتابىمىزنى قىلىدىغان بىر قىز تاپتىم .دىگىنىچە چىرايلىق كەلگەن بىر قىزنى نۇرمەمەتكە تونۇشتۇرىدۇ.

ياسىن:-ئىسمى سانىيە.ئالى تىخنىكومنى ئوقۇپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان قىز.

سانىيە:ياخشىمۇسىز .ياسىنكام سىزنىڭ تولا ياخشى گېپىڭىزنى قىلدى. بوپتۇ ھىساپچى بولسام بولاي دەپ كەلدىم.ياقتۇرسىڭىز مىنى ئىلىپ قىلىڭ.دەيدۇ نۇرمەمەتكە قاراپ.

نۇرمەمەت:بولىدۇ.كەچتە ئالىم ياسىنلار بىلەن بىر پاراڭلىشىپ ئەتە جاۋابىنى بىرەي.دەيدۇ.

مال ئالغۇچىلار كىلىدۇ.نۇرمەمەت بىلەن ياسىن سودىغا كىرىشىپ كىتىدۇ.

## 13-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى شۇيىزا.

نۇرمەمەت پادىچىنىڭ ھىلقى قوراسى.چايخانىدا بىر ئايال گۈلسۈمگە سۆزلەپ كىتىدۇ.

Aئايال:-كۆڭلىڭىزگە ئىلىپ قالماڭ ،دىمەي دىسەم زادى بولمىدى. ئاخىرى ئالدىڭىزغا كەلدىم.شەھەردە بىر تونۇشۇم بار ئىدى. نۇرمەمەتنى تونۇيدىكەن.«ئاپلا نۇرمەمەتكە يامان بولدى.ئەسكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسىن بىلەن چاتىقى بار بىر سەتەڭنى ھىساپچى دەپ يىنىغا ئەكىلىۋالدى.ئاڭلىساق ئەر-خوتۇن بولۇپ بىر ئۆيدە تۇرىۋاتقىدەك »دەيدۇ.

گۈلسۈم:-ۋاي ،قانداق قىلارمەن شەھەرگە كىرىپ پۇل تاپسا مەيلى دىسەم ئەمدى مۈڭگۈز چىقىپ سانىيە دەپ بىر خوتۇن چىقىپ قالدىمۇ؟ ۋاي قانداق قىلاي ،كىمگە دەرمەن بۇ گەپنى .دىگىنىچە تامغا يۆلىنىدۇ.

Aئايال:-ئۆزىڭىزنى بىسۋېلىڭ گۈلسۈم.راسمۇ –يالغانمۇ شەھەرگە بىرىپ باقمامسىز.دەيدۇ.

## 14-كۆرۈنۈش

ۋاقتى بىر يىلدىن كىيىن ،ئورنى مەلۇم شەھەر ،كۈز كۈنى

http://www.uyebook.com

شەھەرنىڭ چوڭ كىچىك كوچىلىرى ،ئۆتۈشۋاتقان ماشىنىلار،قىزغىن ئاۋات بازارلار كۆرۈنىدۇ.ئاددى كىيىنگەن گۈلسۇم يالاڭ چاپاندا مۈزلاپ بالىسى جۈرئەتنى ئەگەشتۈرۈپ هارغىن هالدا بازار ئارلاپ كىمدۇر بىرسىنى ئىزلىمەكتە.ھەربىر ئاشخانا ئالدىغا كەلگەندە بىر تەلمۈرۈپ بالىسى جۈرئەتكە بىر قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كىتىدۇ.يالاڭ كىيىمدە 10ياشلىق جۈرئەتمۇ مۈزلىغان بولۇپ،بالىنىڭ كۆزلىرى تىزلىپ كەتكەن نان،سامسا، كاۋاپلاردىن ئۈزۈلمەيدۇ.گۈلسۇم شۇ مىنۇتتا بىر كىيىم – كىچەك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كىلىدۇ ۋە دۇكاندارغا سالام قىلىدۇ ۋە

گۈلسۇم: – مۇشۇ ئارلىقتا نۇرمەمەت دىگەن ئادەمنىڭ دۇكىنىنى بىلەمسىزكىن ؟ دەپ سورايدۇ.

دۇكاندار: - بىلمەيمەن .دەيدۇ.گۈلسۇم شۇنداق قىلىپ بىر قانچە دۇكاندىن يولدىشى نۇرمەمەتنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ.لىكىن بىرمۇ دۇكاندار بىلمەيدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

يەنىلا بازار ئارلاپ سامسا،كاۋاپلانىڭ پۇرىقىدا مەس بولغان هارغىن، مۈزلاپ كەتكەن،ئاچ قورساق ئانا- بالائاخىرى بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا بىرىپ سالام قىلىپ نۇرمەمەتنىڭ دۇكىنىنى سورايدۇ.

دۇكاندار:- بىلمەن،بىلمەن لىكىن بۈگۈن 3،4 كۈن بولدى نۇرمەمەت دۇكاننى ستىۋەتتى ،ئۆزىنىڭ هازىر نەدىلىكىنى ئۇقمايمەن.دەيدۇ. گۈلسۇمنىڭ بىشى قايغاندەك بولۇدۇ.

جۈرئەت:جۈرە ئاپا كىتىمىز. جۈرئەت ئاپىسىنىڭ قولىنى تارتىدۇ.گۈلسۇم ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالىدۇ.جۈرئەتنى يىتىلىگەن گۈلسۇم كۆز ياشلىرىنى ئېرىتقاچ دۇگدەيگىنىچە دۇكاندىن يىراقلاپ كىتىدۇ. سامساپەزلەرنىڭ ،كاۋاپچىلارنىڭ

ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇدۇ.

## 15-كۆرۈنۈش

ۋاقتى كۈز،ئورنى مەلۇم ئاپتوپوس ئىچى،كېچە.

ماشىنا چىراقلىرىنى ياندۇرۇپ كېتىپ بارماقتا،ماشىنا ئىچىدە ئەر-ئايال يولۇچىلار ئولتۇرغان بولۇدۇ.ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈلسۈمۇ بار بولغان بولۇپ بالىسى جۆرئەتنى باغرىغابېسىپ، سوغۇقتا دۈگدەرەپ، ئانا – بالا ئىككىسى قۇرۇق نان يەپ ئولتۇرغان بولىدۇ.

ماشىنا ماڭماقتا ،گۈلسۈم بالىسنى باغرىغا تىخمۇ چىڭ باسماقتا،بالىسىنىڭ باشلىرىنى سىلىماقتا.ماشنا توختايدۇ.

بىلەت ساتقۇچى: قىز – قارىياغاچ يېزىسىغا كەلدۇق. دەيدۇ.

گۈلسۈم بالىسنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.ماشىنا چىراقلىرىنى ياندۇرغىنىچە كېتىپ قالىدۇ.قاراڭغۇ كوچىدا گۈلسۈم بالىسى بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ تۈن قوينىغا سىڭىپ كىتىدۇ.

## 16-كۆرۈنۈش

ۋاقتى كۈز،ئورنى مەلۇم شەھەر.

كوچىلىرى رەتلىك ئېگىز – ئېگىز بىنالار،ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنلار كۆرۈنىدۇ.نۇرمەمەت شەھەرگە ماسلاشقان هالدا رەتلىك كىيىنگەن ۋە يېنىدا ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنگەن ئىككى ئادەم بىلەن قىزغىن پاراڭ بىلەن ئىكرانغا يېقىنلىشىدۇ.

1-ئادەم: - ئەتىلا ماڭايلى نۇرمەمەت.دەيدۇ.

2-ئادەم: -ئۆگۈنلۈككە ماڭايلى،ئازراق قىلىدىغان ئىشىم بار .دەيدۇ.

نۇرمەمەت:-بولىدۇ ئاغىنىلەر ماڭساق ماڭايلى لىكىن مەن ئۆيگە بىر چىقىپ كېلەي. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە قاتناشتا ئۇچرىشايلى.دەيدۇ نۇرمەمەت ۋە

ئۆتتۈشۈپ تۇرغان تاكسىدىن بىرسىنى توراپ تاكسىغا چۈشۈدۇ .ھىلىقى ئىككىسى - چاپسان كەل .دىگىنىچە قالىدۇ.

## 17-كۆرۈنۈش

ۋاقتى كۈز .ئورنى ھىلىقى يىزا نۇرمەمەتنىڭ دارۋازا ئالدى.

دارۋازا ئالدىدا بىر تاكسى ماشىنا توختۇتۇلۇپ قويۇلغان،گۈلسۈم نۇرمەمەتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان ھالدا يىغلىماقتا.چوڭ ئوغلى جۈرئەتمۇ يىغلىغان ھالدا تال دارۋازىغا يۆلىنىپ تۇرغان.4،3ئەر- ئايال خوشنىلار چۆرىدەپ تۇرغان بولىدۇ.گۈلسۈم يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە:

گۈلسۈم:- ئىككى يىل بولاي دىدى،يوقاپ كەتتىڭىز؟نىمە كۈنلەرنى كۆردۇق.ئاڭلىسام خوتۇن ئىلىۋاپسىز.مەنغۇ مەيلى ئىككى بالىڭىزچۇ؟ئۆيگە دادا بولمىسا بولمايدىكەن نۇرمەمەت،يوقنىڭ گىپىنى مەنمۇ قىلماي،كەتمەڭ خوتۇنىڭىز بولسا بولىۋەرسۇن.ئىچىڭىز ئاغرىسۇن بىزگە. گۈلسۈم نۇرمەمەتكە يالۋارماقتا.

نۇرمەمەت:-بولدى قوي.تويدۇم بۇ توپۇلۇغۇڭدىن مۇنۇ پۇلنى ئال خەجلەپ تۇر،سەن بىلەن ئۈزۈن تۇرالمايمەن.

نۇرمەمەت يانچۇغىدىن بىر باغلام پۇلنى گۈلسۈمنىڭ قولىغا پاق قىلىپ تۇتقۇزۇپ ،ئۆزىنىڭ قولىنى گۈلسۈمنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئاجرىتىپ ئالىدۇ ۋە ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ.

نۇرمەمەت:- ھايدا! شەھەرگە.دىگىنىچە توپىنى توزۇتۇپ كىتىپ قالىدۇ.

1-خوشنا: - ھوي مونۇ چوقاي ئەجەپ ئۆزگىرىپ كىتىپتا. ئادەمگەرچىلىكنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ جۇمۇ.سالام- سائەتمۇ يوققۇ بۇنىڭ.

2-خوشنا: - گۈلسۈمگە تەس بولدىدە.ئۇششاق باللىرى بىلەن قالدى.

3-خوشنا: -پۇل ئەۋەتىپ بىرەر.

1-خوشنا: -سانسىزغا سان تەگسە كۆندۈزى چىراقياندۇرۇپتۇ دىگەندەك ،پۇل ئەمەس خوتۇندىن بىرنى ئەۋەتىپ بەرمىسە تىخى.

گۈلسۈم ئۇن سىلىپ يىغلىغان پىتى قوراغا كىرىپ كىتىدۇ.

18-كۆرۈنۈش

ئۈچ يىلدىن كىيىن،مەلۇم شەھەر ،مەلۇم ئۆي ئىچى.

كۆزنەكە قارا كۆزئەينەك قادىغان قىممەت باھالىق كىيملەرنى كىيگەن نۇرمەمەت ھىلقى ئىككى ھەمراسى بىلەن باشقا ئىككى ئادەم بىلەن قانداقتۇر بىر سودىنىڭ پارىڭىنى قىلىشماقتا.

نۇرمەمەت:-بەش سومدىن پايدا بەرسەڭلاربىرىمىز.دەيدۇ نۇرمەمەت.

قارشى تەرەپ:4-سوم بولسۇن. دەيدۇئىككى ئادەم.نۇرمەمەت تەرەپنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن 5 سومدىن پايدىسىغا مەلۇم سودا قول ئىلىشىپ پۈتۈشىدۇ.ھىلقى ئىككىسى قول سومكىسنى ئىچىپ باغلانغان نۇرغۇن پۇلنى نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. نۇرمەمەت بىشى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر شىرىگىنى شەرەت قىلىدۇ.شىرىگى ھىلقى ئىككى ئادەمنى باشلاپ چىقىپ كىتىدۇ.

نۇرمەمەت ساپادا بىر پۈتىنى يەنە بىر پۈتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، پۈتلىرىنى ئوينۇتۇپ،

نۇرمەمەت: - بىر مىليۇن،بىر مىليۇن ... دەيدۇ.

يەنە بىر شىرىگى ئالى دەرىجىلىك تاماكىدىن بىرنى نۇرمەمەتكە سۇنۇدۇ ۋە تۇتاشتۇرۇپ بىرىدۇ.

نۇرمەمەتنىڭ شىرىكى: – شۇنداق،شۇنداق نۇر لوبەن. دەپ خوشامەتچىلىك قىلىقلارنى قىلىدۇ. نۇرمەمەت تاماكا چىكىدۇ. قولىدىكى قىممەت باھالىق ئۇزۈك ۋاللىداپ تۇرىدۇ.

## 19-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى مەلۇم شەھەر.

شەھەر كوچىسىدا بىر سانتانا ماشىنا ئاستا- ئاستا مېڭىپ ئاستى بىر رېستۇران ئۈستى مېھمانغانا قىلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا توختايدۇ.ماشىنىدىن نۇرمەمەت ۋە ھىلىقى ئىككى ھەمراسى چۈشۈدۇ.بىنا ئىچىدىن بىر –ئىككى خىزمەتچى چىقىپ قارشى ئالىدۇ.بۇلار پاراڭ قىلغاچ بىناغا كىرىپ كېتىدۇ.

## 20- كۆرۈنۈش

ۋاقتى ،ئورنى يۇقارقى بىنانىڭ مەلۇم خانىسى.

خىلۋەت،ئازادە ئۆي .ئۆي ئىچى ئالاھىدە بېزەلگەن بولىدۇ.نۇرمەمەت ۋە ھىلىقى ئىككى ھەمراسى دۈگىلەك ئۈستەلنى چۆرىدەپ قىزغىن پاراڭ بىلەن ئولتۇرغان بولىدۇ.ئۈستەلدە ھەرخىل ئالى دەرىجىلىك قورۇملارتىزىلغان، ھەرخىل ئالى دەرىجىلىك هاراقلارقويۇلغان بولىدۇ. ئىشىك چېكىلىدۇ. نۇرمەمەت: -كىرىڭ .دەيدۇ.

بىر كۈتكۈچى قىز كىرىپ كىلىدۇ ۋە

كۈتكۈچى قىز: -دىرىكتۇر سىزگەيەنە نىمە لازىم.دەيدۇ ئەدەپ بىلەن.نۇرمەمەت قولى بىلەن چىقىپ كىتىش ئىشارىسى قىلىدۇ ۋە ئىغىزچىمۇ، -چىقىپ كىتىڭ .دەيدۇ.قىز چىقىپ كىتىدۇ.

نۇرمەمەت:- بۇبىنانىمۇ ئىشقا كىرىشتۇرۇپ بولدۇق.كېلەرگە تاققا بىر ساياھەت ئورنى قۇرساق دەيمەن.دەيدۇ نۇرمەمەت ئالدىدىكى رۇمكىدىكى هاراقتىن بىر ئوتلاپ.

نۇرمەمەت شېرىكى:-مەن قوشۇلىمەن.دەيدۇ بىر ھەمراسى.

نۇرمەمەت:-سەنچۇ ئالىم؟ نۇرمەمەت ئورۇق ئىگىز كەلگەن يەنە بىر ھەمراسىدىن

سورايدۇ.

نۇرمەمەت شىرىكى(ئالىم):-مەنمۇ قوشۇلىمەن دەيدۇ ئورۇق ،ئېگىز ئالىم.

نۇرمەمەت:-ياسىن بىلەن ئىككىڭلار ساياھەت ئورنى توغرىسىدا ئورۇننى كۆرگەچ كېتىدىغان چىقىمنى بىر خامچوت قىلىپ قويۇڭلار.

ياسىن ۋە ئالىم:-بولىدۇ.بولىدۇ.دېيىشىدۇ تەمبەل كەلگەن،قىسقا بۇرۇت ياسىن بىلەن ئورۇق ئېگىز ئالىم.

نۇرمەمەت:-بولدى.ئىش تامام. ياسىن ھىلىقى ،-نۇرمەمەت قولى بىلەن ئۆزىنىڭ قېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ،- قەلەم قاشلاردىن چاقىرمامسەن .دەيدۇ. ياسىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ

ياسىن: - بىردىن ئەكىرەيمۇ؟ياكى تامغا قاتارىسىغا تىزىپ قويايمۇ؟ ھاھاھا...ئۈچى كۈلۈشۈدۇ.ياسىن چىقىپ كېتىدۇ.ئالىم بىلەن نۇرمەمەت بىر بىرىگە ئۆتۈق تىلەپ رومكا سوقۇشتۇرۇدۇ.

21-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى بىرىنچى كۆرۈنۈشتىكى يېزا.چۈش ۋاقتى.

يېزا قىياپىتى ئاز- تولا ئۆزگەرگەن ئاندا- ساندا يېڭى ئۆيلەر سېلىنغان ئادەملەر يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭ سالىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىدىكى دۇكاننىڭ ئورنىغا ئاددى بولسىمۇ خىلى چوڭ ماگازىن سېلىنغان.توپا يولنىڭ ئورنىنى تاشيول ئىگەللىگەن بولىدۇ.

گۈلسۈمنىڭ بىزگە تونۇشلۇق تال دارۋازىسىنىڭ ئورنىغا ئاددى بولسىمۇ يېڭىچە دارۋازا سېلىنغان،ئاددى بولسىمۇ چىرايلىق ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىنغان بولىدۇ.ھىلىقى ئۆرۈلۈپ كېتەي دېگەن مالخاننىڭ ئورنىغا ئاددىغىنە ئېغىل ياسالغان بولۇپ ،ئىككى نەسىللىك كالا چۆپ يەمەكتە. دارۋازىدىن كىرىپلا يېڭى

ياسالغان ئۆيگە ئۇدۇل قىلىپ چايخانا ياسالغان بولۇپ،سۇپىدا كىگىز سېلىنىپ جوزا قويۇلغان بولىدۇ.

جۇرئەت بىر ئىشەك هارۋىدا چۆپ بېسىپ قوراغا كىرىپ كېلىدۇ.جۇرئەتمۇ 15،16 ياشلىق قاۋۇل ئەزىمەت بولۇپ قالغان.

گۈلسۈم ئۆيدىن چىقىپ كېلىدۇ.گۈلسۈممۇ خېلى روھلۇنۇپ قالغان، رەڭگى- روهى تېتىكلىشىپ چىرايلىققىنە چوكان بولۇپ قالغان بولىدۇ.

گۈلسۈم:- كەلدىڭمۇ بالام.دىگىنىچە گۈلسۈم بالىسىغا ياردەملىشىپ چۆپنى ئېغىل ئۈستىگە چىقىرىشىدۇ.جۇرئەت هارۋىنى نىرىسىغا ئاپىرىپ ئىشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا باغلاپ چىقىدۇ.قولىنى يۇيۇپ جوزىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.گۈلسۈم جوزىغا داستىرخان سېلىپ چۆشلۈك چايغا تەييارلىق كۆرىدۇ.

جۇرئەت:-ئەكبەر مەكتەپتىن كەلمەپتىغۇ ئاپا؟دەيدۇ جۇرئەت.

گۈلسۈم:-بۈگۈن ناهىيىدە زېهىن سىناش مۇسابىقىسى بولاتتىكەن،بىزنىڭ يېزىدىن ئۈكاڭ ئەكبەر قاتناشقىدەك بالام،كەچتەبىراقلا كەلگىدەك.دەيدۇ گۈلسۈم.

جۇرئەت:-ياشا ئۈكام! دىگىنىچە جۇرئەت جوزىنى خوشاللىقىدا مۇشتلاپ قويىدۇ.

## 22-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى شۇ يېزا.

يېزا كادىرلىرى ۋە كەنت كادىرلىرى يىغىن ئاچماقتا .گۈلسۈممۇ نەق مەيداندا بولىدۇ.يېزا باشلىقى سۆزلىمەكتە.

يېزا باشلىقى:-مەن كەنت باشلىقى ئىسمايىلنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. ياپادا باقىدىغان ساسلىقنىڭ باش تەرىپىدىكى تاشلىق ،چىغلىق،ساسلىقنى گۈلسۈمگە كۆتۈرۈپ بەرسەك گۈلسۈم ئۆزىنىڭ هازىرقى قوراسىنى ساتسا، كەنت ،يېزا ئاز-تولىدىن ياردەمدە بولساق،شۇئورۇنغا بىر باقمىچىلىق ئورنى قۇرسا بۇ

بولىدىغان گەپكەن.گۈلسۈمنىڭ ماڭغىدەكلا دەرمانى بولسا يۆلەش كىرەك.مەن گۈلسۈمنىڭ ئىلتىماسىنى قوللايمەن.قورا جايىنى ستىپ،كالا ئالسا ئالسۇن،كەنت يىقىنىدىن ياردەمدە بولسۇن.

كەنت باشلىقى:-باشلىق،گۈلسۈم تىرىشچان ئايال جۇمۇڭ مەن كىپىل بولالايمەن. گۈلسۈمدىن ئۈمۈت بار.

كۆپچىلىك:- بىزمۇ قوللايمىز.دىيىشىدۇ باشقىلار.

گۈلسۈم:-رەخمەت سىلەرگە ،قىسقا قولۇمنى ئۇزۇن قىلدىڭلار.دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ رەخمەت ئېيتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ.

## 23-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز ئورنى مەلۇم تاغ ئارىسىدىكى ساياھەت ئورنى.

ساياھەت ئورنىغا لايىق ياسالغان بىر قانچە ئۆيلەر ،ئېگىز تاغلار قارىياغاچلىق سايلار ،چىرايلىق مەنزىرىلەر كۆرۈنىدۇ.

مەلۇم بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئالى دەرىجىلىك ماشىنىلار توختۇتۇلۇپ قويۇلغان بولىدۇ.

## 24-كۆرۈنۈش

ۋاقتى،ئورنى يۇقارقى بىلەن ئوخشاش .ماشىنىلار توختۇتۇلۇپ قويۇلغان ئۆينىڭ ئىچى.

چوڭ بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان بىر قانچە ئەر ئايال كۆرىنىدۇ.نۇرمەمەتمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ يىنىدا چىرايلىق ھساپچى سانىيەنۇرمەمەتكە بىشىنى قويغان ھالەتتە ئەركىلەپ ئولتۇرىدۇ.

سورۇن قىزىغان بولىدۇ.ھاراق ئىچىشمەكتە،تاماكا چىكىشمەكتە .

1-مىھمان:—نۇرمەمەت لوبەن تاغلىرىڭىزنى كۆرۈپ چىقتۇق.شۇنچە چىرايلىق پىنھان جايغا ئورۇنلىشىپسىز.دەيدۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرسى.

http://www.uyebook.com

2-مىھمان:- ئالتۇندەك ئادەمسىز جۇمۇڭ ! باسقان يېرىڭىزدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ. قولىڭىزدا بەركەت بار.دەيدۇ يەنە بىر ئادەم.

ياسىن:- بىزنىڭ نۇر لوبەن دۇنيادا بىر .ئەگەر ئىككى بولسا بىرسى بىزنىڭ نۇر لوبەن.تىلىنى چايناپ مەس ھالدا ياسىن گەپ قىلغاچ نۇرمەمەتنىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىرىدۇ.

نۇرمەمەت:-قانچىلىك تۇرغۇڭلار كەلسە شۇنچىلىك تۇرۇڭلار.بارلىق چىقىم مەندىن. نۇرمەمەت كۆرەڭلىك بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەيدۇ.

چوكان:-ۋىييەي نۇرمەمەتكا ئەرلەرنى بىقىپ،ئەرلەرنى ئۇچۇرۇپلا يۇرۇيدىكەنسىز.بىزلەرگىمۇ يوقمۇ؟ دەيدۇ بىر چوكان غىلجىڭلاپ.نۇرمەمەت كۈلۈپ كىتىدۇ ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ

نۇرمەمەت:- بۈگۈن مەن شۇنى جاكالايمەنكى ئۇشبۇ سورۇندىكى ھەر بىر ئايالنىڭ بوينىغا بىردىن ئالتۇن زەنجىر ئىسلىسۇن. دەيدۇ.

قىزغىن چاۋاكلار تەرەپ – تەرەپتىن نۇرمەمەتكە خوشامەت سۆزلىرى يىغىپ كىتىدۇ.چوكانلار غىلجىڭلىشىدۇ،بەزىلەر ھاراق تۇتۇدۇ،بەزىلەر تاماكا تۇتۇدۇ.

نۇرمەمەت چالا مەس ھالدا ئورنىدىن تۇرۇدۇ ۋە يېنىدىكى چوكاننىڭ بىشىنى سىلاپ قويۇپ

نۇرمەمەت:- قىنى ئاغىنىلەر سىلەرگە ئات تەييارلاپ قويغان ،جۇرۇڭلار ئات مىنىمىز دەيدۇ.مىھمانلار ئورنىدىن تۇرىدۇ.

## 25-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى مەلۇم شەھەر.

شەھەرنىڭ چوڭ كوچىسىدا بىر سانتانا ئاستا مىڭىپ كىلىپ بىر يان كوچىغا كىرىپ كىتىدۇ.ماشىنا ئۈستى قاڭالتىرلىق ئىگىز كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان ھەشەمەتلىك

بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختايدۇ.دارۋازا ئېچىلىدۇ.بىر خىزمەتچى ئايال قول باغلاپ تۇرۇدۇ.ماشىنا قوراغا كىرىپ كېتىدۇ.نۇرمەمەت ۋە 19- كۆرۈنۈشتىكى نۇرمەمەتكە بىشنى قويۇپ تۇرغان سەتەڭ سانىيە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆينىڭ بىرىنچى پەلەمپەيگە پۇتىنى قويىدۇ.

26-كۆرۈنۈش

ۋاقتى،ئورنى يۇقارقى بىلەن ئوخشاش .ئۆي ئىچى.

نۇرمەمەت ساپادا پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ،سول قولىدىكى ئۈزۈكنى ئوينىغاچ ئولتۇرۇدۇ.سەتەڭ بىر رومكىدا سوغۇق ئىچىملىك كۆتۈرۈپ باشقا بىر ئۆيدىن چىقىپ كېلىدۇ. ۋە نۇرمەمەتنىڭ ئالماشتۇرغان پۇتىنى قولى بىلەن چۈشۈرىۋىتىپ ،ئۆزى نۇرمەمەتنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇدۇ.قولىدىكى ئىچىملىكنى نۇرمەمەتكە ئاستا ئىچكۈزۈدۇ.

چوكان: – ئەتە چەتكە كەتسىڭىز قانداق چىدارمەن . دىگىنىچە نۇرمەمەتكە غىلجىڭلايدۇ.شۇ ئارلىقتا نۇرمەمەتنىڭ يانفۇنى سايراپ كېتىدۇ.

نۇرمەمەت: – ۋەي ! ئالىمۇ سەن؟قانداق بولدى؟ نۇرمەمەت سورايدۇ ۋە- بولدۇ بولدۇ ،بۈگۈنلا ماڭاي مانا يولغا چىقتىم.نۇرمەمەت ئورنىدىن تۇرۇدۇ.

چوكان:- ۋىيەي! نىمە ئانچە ئالدىراش.بۈگۈن قونۇپ ئەتە ماڭسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟سەتەڭ نۇرمەمەتنىڭ بوينىغا گىرە سالىدۇ.نۇرمەمەت سەتەڭنىڭ ئىككىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ ،- سانىيەبۈدىگەن سودا.ۋاقىت پۇل .بۈگۈن مېڭىش كىرەك بولسا بۈگۈن مېڭىش كىرەك.مىنىڭ سەپەر تەييارلىقىمنى قىلىپ قوي.مەن مونچىغا كىرىپ چىقاي.بول چاپسان. دىگىنىچە نۇرمەمەت باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.قۇيرۇقنى ئوينىتىپ سانىيەمۇ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

27-كۆرۈنۈش

http://www.uyebook.com

ۋاقتى ياز،ئورنى مەلۇم بىر جاي.ئىككى يىلدىن كىيىن.

دارۋازىسى قاشالانغان،يېنىغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىنغان ئايلاندۇرۇپ تام بىلەن قورشالغان كۆلىمى خىلى چوڭ بىر كالا باقمىچىلىق ئورنى كۆنگەي قىلىپ ياسالغان خىشلىق چوڭ بىر كالا باقىدىغان لاپاس،لاپاس ئىچىدە 20 دەك كالا يەم يىمەكتە.نىرىسىدا يەنە بىر لاپاس بولۇپ،ئۇنىڭدا كالىنىڭ يەم –خەشەكلىرى كۆرۈنىدۇ.بىر ئادەم قول هارۋىسى بىلەن كالا قىغىنى بىر جايغا توپلىماقتا.بىر قانچە ئايال سۈت تۇڭلىرىنى يۆتكىمەكتە. كالىلار مۆرىمەكتە.شۇ ئارىلىقتا كىچىك كوزۇپلىق بىر ماشىنا توپا توزۇتۇپ قوراغا كىرىپ كىلىدۇ ۋە ئاق ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپ،ئىچىدىن بىزگە تونۇشلۇق جۇرئەت ماشىنىدىن چۈشۈدۇ.ئاق ئۆيدىن گۈلسۈم چىقىپ كىلىدۇ.

جۇرئەت:-مانا ئاپا ،بۈگۈنكى سۈت تالۇنلىرى .دىگىنىچە ئاپىسىغا نۇرغۇن هۆججەت تالۇنلارنى بىرىدۇ.

ئاپىسى هۆججەتلەرنى بىر قۇر كۆرگەندىن كىيىن

گۈلسۈم:-جۇر بالام ئۆيگە .دىگىنىچە بالىسنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كىتىدۇ.

28-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ،ئورنى ئوخشاش .ئاق ئۆيىنىڭ ئىچى.

گۈلسۈم: – بالام مۇشۇ ئايدىن باشلاپ،بىزنىڭ هىچكىمدە هىچكىمنىڭ بىزدە قەرزى قالمايدۇ.مۇشۇ فىرما بىزنىڭ شەخسى مۈلكىمىز بولىدۇ.دەيدۇ.جۇرئەت ئاپىسنى قۇچاقلايدۇ.

جۇرئەت:- دادام ئاپام،ئاپام دادام، پەرىشتە ئاپام. دەيدۇ. جۇرئەت خوشاللىقدا.گۈلسۈم كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ بالىسىنىڭ بىشىنى سىلايدۇ.

گۈلسۈم: –بالام ساڭىمۇ رەخمەت ،مۇشتەك ۋاقتىڭدىن تارتىپ تۇرمۇشنىڭ ئېغىر

يۈكنى مەن بىلەن تەڭ تارتىڭ. ھال كۈنىمىز ياخشىلىنىپ قالدى.بىز مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان. تۇپرىقىنى دەسسەپ ،سۈيىنى ئىچىپ ئادەم بولدۇق،تىخىمۇ ياخشى ئادەم بول.باشقىلار سىنىڭ ئەخلاقىڭغا زوقلانسۇن!ئەسلىڭنى ئۇنتۇپ قالما بالام. دەيدۇ گۈلسۈم بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاچ.

گۈلسۈم: – ئۇندىن باشقا يېقىندا كەنت يول قۇرۇلۇشىنى ئىلىپ بارغىدەك بىز قاراپ تۇرساق ئۇيات بولار.بىزمۇ ھازىرچە 10مىڭ سوم ياردەم قىلساق دەيمەن .قانداق دەيسەن بالام.

جۈرئەت:- بولىدۇ ئاپا .سەن نىمە دىسەڭ مەن شۇ.

29-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى نۇرمەمەتنىڭ شەھەردىكى رىستۇران بىناسىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم ئۆيى.

ئازادە كەڭ ئۆيگە چوڭ ئۇستەل قويۇلغان.ئۇستەل ئۇستىگە ھەر خىل قۇرۇما نازۇ نىمەتلەر ھاراقلار قويۇلغان.چۆرىدەپ ئوندىن ئوشۇق ئەر –ئايال ھاراق ئىچمەكتە،كۈلمەكتە.بۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرمەمەتمۇ بار بولىدۇ.يېنىدا سانىيە ئولتۇرغان بولىدۇ.

1-ئەر(ئىكراندا قاسىم لەقىمى گەدەن دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ) : نۇرلوبەن چەتئەل يارىشىپتۇ.قارا چاچلىرىڭىز سىرىقۇقا ئۆزگىرىپتۇ. بىرەر چەتئەللىك قىزلار سىلاپ قويدىمۇ نىمە؟

2-ئەر:-پارىژنىڭ ئەتىرى پۇرايدۇ.ھاراق دەپ ئەتىر ئىچىۋالمىغانسەن ھە؟ كۈلكە

نۇرمەمەت:-ھە قانداق.پۇلۇڭ بولسىلا ھەممە سىنىڭ جۇمۇ،سىنىڭدەك قاسىم گەدەننى(ئىكراندا قاسىم گەدەن كۆرۈنىدۇ) چەتئەلدە مىنىپ

http://www.uyebook.com

ئويناپدىكەن.هاهاها..نۇرمەمەت كۇلدۇ.باشقىلارمۇ كۇلدۇ.

نۇرمەمەت:-ئويناپدىغان يەر چەتتىكەن.قىز ئاياللىرى كىيىم كىيمەمدۇ نىمە؟ پاھ – پاھ بىرسى – بىرسىدىن گۈزەل دەڭلار.دەيدۇ نۇرمەمەت هاراقتىن بىر رۇمكا قىقۇۋېتىپ.

سانىيە: - شۇڭلاشقا كىچىكىپ كەپسىز دە قىلىن .سانىيە غىلجىڭلاپ بىگىز قولى بىلەن نۇرمەمەتنىڭ مەڭزىنى ئاستاغىنە ئىتتىرىپ قويىدۇ.

1-چوكان: – ئەر دىگەن شۇ.ئۆيدە بىرىنىڭ ،تالادا مىڭىنىڭ. دەيدۇ ئۇمۇ يىنىدىكى ئەرنىڭ بىقىنىغا ئۇرۇپ.نۇرمەمەتنىڭ ئۈنىڭ بۇنىڭ ياغلىما گەپلىرى ۋە ئىچىۋاتقان هاراقنىڭ كۈچى بىلەن خىلى تەڭشىلىپ قالدۇ .

نۇرمەمەت:-ئوينا،ئوينا پۇل دىگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى.كەل دىسەم كەلمەيدىغان،قوش ئالىمەن دىسەم بەرمەيدىغان نەرسە يوق جۇمۇڭلار . دەيدۇ نۇرمەمەت قوللىرىنى شىلتىپ. سورۇندىكىلەر– راس ،راس .دىيىشىدۇ.

نۇرمەمەت:-نۇرمەمەت پۇل،پۇل نۇرمەمەت .دەيدۇ نۇرمەمەت يەنە مەيدىسىنى مۇشلاپ. – ياشا ،ياشا نۇر لوبەن. ياغلىما گەپلەر تەرەپ – تەرەپتىن نۇرمەمەتكە بىغىشلىنىدۇ.شۇ ئارلىقتا 7-كۈرۈنۈشتىكى هىلقى ئوخشاش كىيىنگەن ئىككى بالا داپ چىلىپ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ناخشا ئېيتىدۇ.

نۇرمەمەت،هەي نۇرمەمەت،

يوغان سۆزلەپ پو ئاتما.

كىتىپ ئەتە ئامىتىڭ ،

ياغاچ تۆۋدە ياتما.

ئۈنتۈپ كەتتىڭ ئەسلىڭنى ،

http://ilkitap.blogbus.com

تۇتالمىدىك ئامەتنى.

چاقچىقى بارئامەتنىڭ،

كۆرىسەن كارامەتنى.

ئىككى بالا يەنە يوقاپ كىتىدۇ.ئۆي ئىچىدە كۈلكە چاقچاق داۋاملىشىدۇ.

30-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى شەھەر.

نۇرمەمەتنىڭ رىستۇران مىھمانخانىسىنىڭ ئىچىدىكى خالى ئۆي. نۇرمەمەت ئالىم ،ياسىنلار پاراڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

نۇرمەمەت:مەن ئالىم بىلەن چەتئەلدە مىس توغرىسىدىكى توختامغا قول قويۇپ كەلدىم.پايدىسى جىق ئوقەتكەن.ئالىم بىلەن بىربىر نەق مىس ئۆزىنى كۆردۇم.ئالىم شۇجايغا بىزنىڭ نامىمىزدىن بىر شىركەت قۇرسا،لىكىن ھازىرچە نەقپۇلىمىز كام.بانكىنىڭ پۇلىنى تىخى قايتۇرمىدۇق،شۇڭا تاغدىكى ساياھەت ئورنىنى ستىپ، نەقپۇل قىلىپ،ئالىمنى چەتكە يولغا سالساق،مىسنىڭ كىرىمى ساياھەت ئورنىنىڭ كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە ئوشۇق بولىدىكەن.ئالدى بىلەن چوڭ سودىنى قىلىپ،تاغ دىگەن جىق بولغاندىن كىيىن ساياھەت ئورنىدىن بىرنى كىينىچە قۇرساق بولىۋېرىدىغۇ.

ئالىم:-ناۋاتتەك گەپ بولدى.تاغنى نىمە قىلىمىز.چەتئەلدىكى كاتتا سودا جۇمۇ ياسىن.مىليۇن.مىليۇن دەيدۇ كۆرەڭلەپ.- نۇرمەمەت ئۆزىمۇ كۆردى جۇمۇ.دەيدۇ.

ياسىن:-بوپتۇ ساياھەت ئورنىنى ساتساق ساتايلى دەيدۇ.

31-كۆرۈنۈش

ئورنى شۇ شەھەر،ۋاقتى كىچە.

بىر سانتانا ماشىنا يول چىتىدىكى بىر سىمۇنت ئىستۇلبۇغا ئۇرۇلغان بولۇپ،

http://www.uyebook.com

بىرقانچە قاتناش ساقچىسى ۋە بىرقانچە ئادەم ئولاشقان بولىدۇ.ماشىنا ئىچىدىن بىر ئادەمنى تارتىپ چىقىراتتى.بۇ ئادەم دەل نۇرمەمەت بولۇپ ئۆزى مەس هالدا ئۆلۈك قولى يېنىك زەخىملىنىپ قولىدىن قان چىقىپ تۇرۇدۇ.ئۆزى ئامان قالغان بولىدۇ.

نۇرمەمەت:- نىمە بولدى دەيمىنا .دەيدۇ دەلدەڭشىپ.

قاتناش ساقچىسى:- مۇنداق بولدى .ماشىنىغا چىقىڭ ،قولىڭىزنى دوختۇرغا كۆرستەيلى . دىگىنىچە قاتناش ساقچىلىرى نۇرمەمەتنى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىغا يۆلەپ چىقىرىپ ئېلىپ كىتىدۇ.ئۇلار تەرىپى بىلەن ئىستولبۇغا ئۇرۇلغان ماشىنا ماكچىيىپ،سىمۇنت ئىستولبا يېنىدا ئىكراندا تولۇق كۆرۈنىدۇ.

32-كۆرۈنۈش

ئورنى شۇ شەھەر ،مەلۇم دوختۇرخانا.

نۇرمەمەت بىر قولىنى ئاق داكا بىلەن باغلاپ،بوينىغا ئېسىپ ئولتۇرغان، بىلىكىگە سىلىنغان ئاسما ئوكۇل تىمچىپ چۈشۈپ تۇرغان بولىدۇ.ئىككى قاتناش ساقچىسى سومكىسىن قەغەز ئېلىپ بىر نىمىلەرنى يازىدۇ. ۋە نۇرمەمەتكە تۇتقۇزۇپ.

قاتناش ساقچىسى: – هاراق ئىچىپ ،ماشىنا هەيدەپ،ۋەقە سادىر قىلدىڭىز.ئىككى مىڭ سوم جەرىمانە تۆلەيسىز. ۋە ئىككى ئايلىق ماشىنا پىراۋىڭىزنى تۇتۇپ قالىمىز.دىگىنىچە خوشلىشىپ چىقىپ كىتىدۇ.

نۇرمەمەت سۇلغۇن هالداقالىدۇ،ئوكۇل تىم –تىم قىلىپ چۈشمەكتە.

33-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى شەهەردىكى نۇرمەمەتنىڭ 20-كۆرۈنۈشتىكى شەخسى ئۆيى.

نۇرمەمەت بىلەن سانىيە ساپادا قىزغىن پاراڭ ئۈستىدە بولىدۇ. شۇ ئارلىقتا يانفۇن سايراپ كىتىدۇ.

نۇرمەمەت:ۋەي-ۋەي ،نىمە ؟نىمە؟ نۇرمەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىدۇ ۋە ۋاقىراپ تۇرۇپ،- مەن ھازىر باراي.مانا ماڭدىم. دىگىنىچە ئالدىرايدۇ.

سانىيە:- نىمە بولدى شۇنچە.

نۇرمەمەت:-چەتئەللىكى ۋاكالەتچىمىز ئالىم بىزنىڭ بارلىق پۇلىمىزنى يۈتكەپ يوقاپ كىتىپتۇ.نەگە كەتكىنىنى ھىچكىم بىلەيدىكەن.دەيدۇ نۇرمەمەت ئۇستەلنى مۇشتى بىلەن قاتتىق مۇشلاپ - تۇگىدى ،تۇگىدى.دىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كىتىدۇ.سانىيە ئىككى مۇرىسىنى چىقىرىدۇ.

## 34-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى بىرىنچى كۆرۈنۈشتىكى يىزا.

يىزا كوچىلىرى قارا مايلاشتۇرۇلغان.كوچىلار رەتلىك يىڭى –يىڭى ئۆيلەر قەد كۆتەرگەن بولۇدۇ.ئىكراندا سىياقىدا ئىدارە سىلىنغان بىر قەۋەت بىنا كۆرىنىدۇ.بىنانىڭ ئۇستۈنكى قىسمىغا «قارياغاچ كەنتى »دىگەن ۋىۋىسكا كۆرۈندۇ.كەنت قوراسىغا توختۇتۇلۇپ قويۇلغان ئىككى كىچىك ماشىنا كۆرۈنىدۇ.

## 35-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى يۇقارقى بىنانىڭ ئىچى.

يىزا،كەنت كادىرلىرى ئولتۇغان بولىدۇ.گۇلسۇمۇشۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.يىزا باشلىقى سۆزلىمەكتە.

يىزا باشلىقى:-ئەزايىڭلار گۇلسۇمنىڭ ئىش ئىزلىرى گىزىت – رادىئولاردا تەشۋىق قىلىندى.يول،مەكتەپ،دوختۇرخانا دىگەندەك ھەممىسگە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ياردەم قىپتۇ.باشقىلارنىمۇ بىيىشقا يىتەكلەپتۇ.ناھىيە، يىزا بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ،گۇلسۇمگە 50مىڭ سوم رىغبەتلەندۇرۇش ياردەم پۇلى بىرىشنى قارار قىلدى.قىزغىن چاۋاكلار. گۇلسۇم قىزارغان ھالدا

گۈلسۈم:– رەخمەت،رەخمەت....دەيدۇ.

يىزا باشلىقى سۆزنى يەنە داۋام قىلدۇ.

يىزا باشلىقى:ئۇندىن باشقا ناھىيە ئۆسۈمسىز 500مىڭ يۈەن، يىزا 500مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بىلەن تەمىنلەشنى قارارقىلدى. گۈلسۈمنىڭ كالا فىرمىسىنى كىڭەيتىش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى قۇرۇش پىلانىمۇ تەستىقلاندى.ئەمدى كەنتنىڭ گۈلسۈمگە كىرەكلىك قانچىلىك يەرنى ئاجرىتىپ بىرىش مەسلىسى قالدى.دەيدۇ.

كەنت باشلىقى:- بولىدۇ.بولىدۇ .گۈلسۈم ھەدە قانچىلىك يەرگە ئىھتىياجلىق بولسا شۇنچىلىك يەر بىرىمىز.گۈلسۈم ھەدە بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان يەردە بىزمۇ گۈلسۈم ھەدىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.رەخمەت گۈلسۈم ھەدە بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە كەنتىمىزنى ناھىيەگە،شەھەرگە تونۇتتۇڭىز.قىسقا تونۇتتۇڭىز.قىسقا قولىمىزنى ئۇزۇن قىلدىڭىز.دەيدۇ كەنت باشلىقى گۈلسۈمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

گۈلسۈم:-مەن يىزام بىلەن ئادەم،مىنىڭ تەقدىرىم يىزام بىلەن چىڭ باغلانغان، يىزا مىنىڭ باي بولۇشۇم.مەن دىھقانلىرىمنى سۆيىمەن.گۈلسۈم كۆزلىرىگە ياش ئىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ.- ھەممىڭلارغا رەھمەت.تاپقان پۇلۇم سىلەرنىڭ. قىزغىن چاۋاكلار.

## 36-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى نۇرمەمەتنىڭ شەھەردىكى ئۆينىڭ ئىچى.

ساپادا نۇرمەمەتنىڭ قانۇنسىز ئايالى سانىيە بىلەن ياسىن بۇرۇتنى سىلاپ قويۇپ قىزغىن سۆزلەشمەكتە.

ياسىن:-ھە!سانىيە ھەممە ئىش تۈگىدى.چەتئەلدىكى بارلىق پۇلنى ئالىم ئىلىپ قاچتى.سەن بىلمەيسەن تاغدىكى داچىنى نۇرمەمەت ستىۋەتكەن نۇرمەمەتنىڭ رىستۇران بىناسىدىن باشقا پۇلى قالمىدى. بانكىنىڭ قەرزى بار،ئوغۇرلانغان باجمۇ

بار تىخى .باجخانا بىلەن بانكىنىڭ قەرزىگە رىستۇران بىنالار بويىلشامدۇ يوق ياكى ئۆزى تۇرمىلەرنى ئاربلاپ چىقامدۇ تىخى .دەيدۇ ياسىن سانىيەنىڭ ئېڭىكىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ.

سانىيە:- ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن.دەيدۇ ھودۇققان ھالدا.

ياسىن:-بانكا چەكلىرىنى نەقلەشتۈرۈپ،ئۆيدە پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قوي بىر كىچىدىلا قۇيرۇقنى خادا قىلىمىز.دەيدۇ ياسىن سانىيەنىڭ قولتۇغىدىن تۇتقىنىچە.

37-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى نۇرمەمەتنىڭ رىستۇران بىناسىنىڭ ئىچى مەلۇم ئۆينىڭ ئىچىدە نۇرمەمەت سۇلغۇن ھالدا ئولتۇرغان. ئىككى ئادەم سۆزلىمەكتە.

1-ئادەم: - نۇرمەمەت ئەپەندى .بۇ يىلقى باجنى تىخى تۆلىمەپسىز.تىخى بىز تەكشۈرگەن ئوغۇرلانغان باجمۇ بار.بۇ پۇللار ئاز ئەمەس.دەيدۇ.

2-ئادەم: - بىزنىڭ بانكىنىڭ قەرز پۇلىمۇ ئاز ئەمەس،مۇددىتىدىن ئىشىپ كەتتى بۇنى نىمە دەيمىز؟دەيدۇ.نۇرمەمەت ئۇلۇق كىچىك تىنىپ.

نۇرمەمەت:-مەندە پۇل قالمىدى،مۇشۇ رىستۇران بىناسىنى باھالاپ ئالساڭلار دەيمەن. دەيدۇ.1-2-ئادەم سومكىلىرىدىن نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ ئۆز-ئارا پىچىرلىشىدۇ ۋە ئاخىردا - بولىدۇ،ئەتە رەسمىيەتلەرنى ئۆتسەك بولىدۇ. دىگىنىچە چىقىپ كىتىدۇ.نۇرمەمەت بىشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بىشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇرغان ھالدا قالىدۇ.

38-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى نۇرمەمەتنىڭ شەھەردىكى ھىلقى ئۆيى نۇرمەمەت قولىدا بىر ۋاراق خەت يازغان قەغەزنى تۇتقىنىچە چىچىلماقتا.ۋاقىرىماقتا،ئۇرۇندۇق ساپالارنى

تەپمەكتە،تامددكى سانىيەبىلەن چۈشكەن رامكىلىق سۈرەتنى ئۈزۈپ ئەينەكلىرىنى سۇندۇرماقتا،دەسسمەكتە.ئاخىرى بىرىپ ئۆزى ھىرىپ ساپاغا ئولتۇرۇپ قالدۇ.قولىددكى خەتكە كۆزى چۈشۈدۇ.ئىكران سىرتىددن سانىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

سانىيە:-نۇرمەمەت،خەيرى – خوش خوتۇن باللىرىغا رەھمى يوق سىزدەك ئادەمددن ماڭا قانچىلىك رەھمى بولاتتى. ئازۋاقت بولسىمۇ سىزگە خوتۇن بولدۇم،سىزگە ئەمەس پۇلىڭىزغا. تىگىشلىك ھەققىمنى ئىلىپ ،يولۇمغا راۋان بولدۇم.مىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ.خەيرى –خوش نۇرلوبەن.

نۇرمەمەت خەتنى يىرتىپ – يىرتىپ تاشلايدۇ.

نۇرمەمەت:-ئىپلاس ھارامزادىلەر. دىگىنىچە ئورنىددن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ – مەن نىمە بولدۇم .دەپ ۋاقىرايدۇ.

39-كۆرۈنۈش

ۋاقتى كۈز،ئورنى شۇ شەھەردىكى مەلۇم قاۋاقخانا.

شەھەر ئىچىددكى مەلۇم قاۋاقخانە.نۇرمەمەت يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمەكتە.شۇ ئارلىقتا ئىككى ئادەم ئىشىك ئىچىپ كىرىپ كىلىدۇ ۋە نۇرمەمەتنى كۆرۈپ توختاپ قالىدۇ.

1- ئادەم: - ھوي مۇنۇ نورەك گەكسىغۇ.بۇ يەرلەرنىمۇ ئالا قويماپتۇ.دەيدۇ.

2- ئادەم : - راستىنلا گەكسى بوپتۇ – بۇ.تۈنۈگۈن مەنددن 10 سوم سوراپ يۈرۈيدۇ.جۈر چىقىپ كىتەيلى.دەيدۇ.كىرگەن ئىككى ئادەم چىقىپ كىتىدۇ.نۇرمەمەت دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىددن تۇرۇدۇ.

نۇرمەمەت:-يىزىپ قويۇڭ كىيىن بىراقلا تۆلەيمەن.دەيدۇ تىلىنى چاينىپ

ھاراق ساتقۇچى:- نىسى ئىچىۋىرىددىغان ئاپاڭنىڭ سۈتى ئەمەس بۇ،سالە

چاپانىنى. دىگىنىچە هاراق ساتقۇچى نۇرمەمەتنىڭ خۇرۇم چاپىنىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ ،نۇرمەمەتنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋىتىدۇ.نۇرمەمەت دەلدەڭشىگىنىچە ئىرى بىرىپ يەرگە يىقىلىدۇ.

### 40-كۆرۈنۈش

ۋاقتى كۈز ئورنى شۇشەھەرنىڭ بىر كوچىسى ،كىچە.

نۇرمەمەت كۆينەكچان دەلدەڭشىپ كىتىپ بارماقتا.شۇ ئارلىقتا بىركىچىك ماشىنا نۇرمەمەتنىڭ يىنىدا توختايدۇ.ئىچىدىن ئىككى ياش بالا چۈشىدۇ. ۋە ئۇدۇل كىلىپ نۇرمەمەتنىڭ كانىيىدىن تۇتۇپ ۋۇلقۇشلايدۇ.

1-بالا:- پۇلنى قاچان بىرىسەن.ۋاي گۆي ،سىنى ئىزلەپ هالىمىزقالمىدى.بۇگۈن ئاران تاپتۇق سىنى .دەپ نۇرمەمەتنىڭ مەڭزىگە بىر كاچات ئۇرۇدۇ.

نۇرمەمەت:-ۋاي بىرەي ئۇكىلىرىم ئۇرماڭلار مىنى ،پۇلۇمغۇ يوق ،ئۆيۈم بار شۇنى ئىلىڭلار. دەيدۇ نۇرمەمەت تىلىنى چايناپ مەس هالدا.

ئىككى بالا:- چىقە ماشىنىغا ئۆيۈڭگە بارىمىز .دىگىنىچە ئىككى بالا نۇرمەمەتنى ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ ئۆزلىرىمۇ ماشىنىغا چىقىپ ئۇدۇللاپ كىتىپ قالىدۇ.

### 41-كۆرۈنۈش

بىر يىلىدىن كىيىن ۋاقتى ياز ،ئورنى مەلۇم شەھەر:

قايناق بازار ئىچى.بىر ئادەم ئۈچ چاقلىق هارۋىدا لىق بىسىلغان قانداقتۇر بىر نەملەرنى سۆرىگىنىچە ئىكرانغا يىقىنلىشىدۇ.بۇ دەل بىزگە تونۇشلۇق نۇرمەمەت بولۇپ،بارلىق كۈچى بىلەن پىدالى دەسسەپ هەيدەپ بىردۇكاننىڭ ئالدىغا كىلىپ ماللارنى چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ.نۇرمەمەتنىڭ چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن،كىيگەن كۆينىگىنىڭ دۈمبىلىرى شور باغلاپ مەينەتلىشىپ كەتكەن.ئۆزىمۇ روهسىز،شۇ ئارلىقتا.

http://www.uyebook.com

بارات:(ئىكراندا بارات لەقىمى تاي دىگەن خەت كۆرۈنىدۇ(

- هوي مۇنۇ بىزنىڭ نۇرەكقۇ .دىگىنچە نۇرمەمەتنىڭ يىنىغا كىلىدۇ. ۋە نۇرمەمەت بىلەن قىزغىن كۆرىشىدۇ.

بارات:هوي نۇرمەمەت سىنى باي بولۇپ كەتتى ،شەھەرمۇ-شەھەر ئايرۇپىلاندا يۇرۇيدۇ دەپ ئاڭلىغان.نىمە كۇندە قالدىڭ هوي. قەلەندەرنىڭ ئۆزى بوپسەنغۇ؟

نۇرمەمەت:-ئامەت قاچتى بارات.بۇنداق كۇنلەرنى كىم ئويلاپتۇ.

بارات :-هوي بولماپتۇ جۇمۇ ساڭا!ئۆي ماكانىڭ تۇرۇپ،چوڭ بولغان مەلەڭ تۇرۇپ،يىتمەك بولۇپ قاپسەن،مۇشۇمۇ كۇنمۇ؟جۇر مەلىگە كىتمىز.خوتۇنۇڭ گۇلسۇم باي بولۇپ كەتتى.باللىرىڭمۇ كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتى.

نۇرمەمەت:ئەمدى قايسى يۇزۇم بىلەن مەلىگە بارىمەن.خوتۇن باللىرىمغا قانداق قارايمەن.

بارات:-مەھەللە دىگەن مەھەللە جۇمۇ.ئادەم دىگەن خام سۇت ئەمگەن خاتالاشمايدىغان ئادەم بارمۇ؟سەن قىلغان ئەسكىلىكنى مەھەللەڭ قىلمايدۇ.سىنى قوينىغا ئىلىپ كىتىدۇ.جۇر مەلىگە ئىلىپ كىتىمەن.نۇرمەمەت ئۇنىمايدۇ.

## 42-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى يىزا

بارات تايىنىڭ ئۆي ئىچى.بارات (ئىكراندا بارات تاي)ئىككى ئادەمگە سۆزلىمەكتە.

بارات:مەن شەھەردە نۇرمەمەتنى ئۇچرىتىپ قالدىم.بىز ئاڭلىغان نۇرمەمەت يوق جۇمۇ،هارۋا سۆرەپ جان بىقىپ يۇرۇپتۇ.نەدە يىتىپ نەدە قوپىدۇ بىلمىدىم،هالى خاراپ.بىر قارىساڭ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ. باي بولۇپ خوتۇن باللىرىنى ،مەلىنى تاشلاپ ،كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى ئويلىساڭ كۆتىگە نەچچىنى تەپكىڭ كىلىدۇ.ئامال يوق.

Aدېھقان:ھوي بولماپتۇ جۇمۇ ،نۇرمەمەتمۇ مۇشۇ مەلىنىڭ ئادىمى.ئاتا كۆرگەن ،ئانا كۆرگەن بىز،ئۇ قىلغاننى بىز قىلمايلى.

Bدېھقان:قانداق قىلارمىز،گۆلسۈمگە دەپ باقامدۇق يا؟

بارات:گۆلسۈمگە دىسەڭ قانداق بولار،گۆلسۈمنىڭ يۈرىكى خۇن بولۇپ كەتتى جۇمۇ،ئۇنىماسمىكىن.

Aدېھقان:بولمىسا گۆلسۈمنىڭ پىرمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمايلىمۇ؟گۆلسۈم ئۆزى مەلىدە.كالا بىقۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا قىتىۋەتسەك ،پادىچىلارنى گۆلسۈم كۆندە تەكشۈرۈپ تۇراتتىمۇ؟كالىنى بىقىپ تەييار تاماقنى يەپ ئايلىقنى ئېلىپ تۇرامدۇ.قالغان گەپنى كىيىن بىرنىمە دىمەمدۇق.خۇدا يولىدا يىراقنى يىقىن قىلىپ بىر ئويۇن ئويناپ باقمايلىمۇ؟قالغىنىغا يۇرت مەھەللە بارغۇ؟

-قىنى ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى دەيدۇ ئۇچى.

43-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز.ئورنى مەلۇم شەھەر.

بازار ئىچى مەلۇم دوقمۇشتا ئۈچ چاقلىق ھارۋا توختىتىلىپ قويۇلغان. بارات تاي ۋەA دېھقان نۇرمەمەت بىلەن قىزغىن پاراڭ قىلىشماقتا.

Aدېھقان:نۇرمەمەت قانچىلاپ دەيمەن.خوتۇنۇڭ گۆلسۈم ئۆزەڭنىڭ كونا ئۆيۈڭنى يىڭىلاپ شۇجايدا تۇرىۋاتىدۇ.مەن دىگەن فىرما <چوغلان> دىگەن فىرما ناھىيەگە يىقىن يەردە،ئايلىقىغا 400سوم بىرىدۇ.تاماق بىرىدۇ،ياتاق بىرىدۇ.بىرىپلا كالىغا قاراپ پۇلۇڭنى ئالامسەن.مۇنۇ تارتىۋاتقان كۈنۈڭدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ئاغرىمامسەن،ئۆلمەمسەن،تالادا قالامسەن؟دەيدۇ.

بارات:ۋوگۇي گەپ ئاڭلامسەن يوق.پۇت قولۇڭنى باغلاپ بولسىمۇ ئەپكىتىمىز.مەھەللە ساڭا نىمە قىلدى.مەھەللىگە بارمىساڭمۇ مەھەللىگە يىقىن

<چوغلان>فىرمىسىغا بىرىپ ئىشلە،بارا-بارا مەھەللىدىكىلەرنى كۆرىسەن،ئۇلار سىنى كۆرىدۇ.ئۆتكەن ئىشلار گەپ سۆز بىلەن ئۇنتۇلۇپ تۈگەيدۇ.خوتۇنۇڭ گۈلسۇممۇ ئىرىپ قالىدۇ.سىنىڭدەك باغرى تاشلاردىن ئەمەس ئىككى ئوغلۇڭمۇ بار.دادىسىدىن تىنىپ كەتمەس.<چوغلان>غا بىرىپ ئىشلەۋەرمەمسەن.بىزنىڭ مەھەللىدىنمۇ خىلى جىق ئادەم شۇ جايدا ئىشلەۋاتىدىغۇ.سىنى ئارىغا ئالماسما ،يا سەن ھايۋانمىدىڭ.جۆرە قاتناشقامۇنۇ نىمەڭنى(ھارۋىنى كۆرسىتىپ) ھازىر قانچىگە ئالسا ستىۋىتىمىز.بىز بىلەن ماڭمايدىغان بولساڭ،بىزدىن كۆرگۈلۈگۈڭ بار دىگىنىچە نۇرمەمەتنى سۆرەپ ماڭدۇ.

## 44-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ياز،ئورنى مەلۇم ئورۇن.

تۈپتۈز قىلىپ ياسالغان قارا ماي ياتقۇزۇلغان يول كۆرۈنۈپ ئاخىرىدا تۆمۈر شالاسۇنلۇق چوڭ دارۋازا كۆرۈنىدۇ.دارۋازىنىڭ بىشىغا <چوغلان سۈت ۋە سۈت يىمەكلىكەر زاۋۇتى >دىگەن ۋىۋىسكا ئىسلىغان بولىدۇ. دارۋازا ئىچىدە رەت- رەت كاكا باقىدىغان ئورۇنلار،بىر-بىرى بىلەن كىسىشكەن قارا ماي يوللار،دارۋازىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورۇنغا سىلىنغان ئىككى قەۋەت چىرايلىق بىنا ،يوللاردا ئاق خالاتلىق بىر قانچە ئاياللار ئۇيان بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان بولىدۇ.كۆك خالات كيگەن ئىككى ئادەم بىردىن ئىككى قول ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە يۇقۇردىكى بىنانىڭ يان يولىغا بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ،ئالدىدىكى ھارۋا سۆرىگەن ئادەم ئىكرانغا يىقىنلىشىدۇ. بۇدەل نۇرمەمەت بولۇپ چىقىدۇ.شۇ ئارلىقتا دارۋازىدىن بىر قانچە كىچىك ماشىنا كىرىپ كىلىدۇ ۋە بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە توختايدۇ.ماشىنىدىن زامانغا لايىق كيىنگەن چىرايلىقىنە بىرئايال چۈشۈدۇ.بۇدەل بىزگە تونۇشلۇق گۈلسۈم،باشقا ماشىنلاردىمۇ ئادەملەر چۈشۈدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

گۈلسۈم:-مېھمانلار قىنى ئالدى بىلەن مېھمانخانىغا.

گۈلسۈم مېھمانلارنى بىناغا باشلايدۇ.جۈرئەتمۇ چىرايلىق ياسىنىپ ئاپىسىنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. مېھمانلار بىناغا كىرىپ كىتىدۇ.گۈلسۈم بىلەن جۈرئەتمۇ كىرىپ كىتىدۇ.

45-كۆرۈنۈش

ۋاقتى ،ئورنى گۈلسۈملەر كىرىپ كەتكەن بىنانىڭ ئىچى

يورۇق ،ئازادە چوڭ ئۆي ،گۈلسۈم مېھمانلارنى قاتار تىزىپ قويۇلغان ساپالارغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى دېرىزىنى ئىچىۋېتىش ئۈچۈن چوڭ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ۋە دېرىزىنى ئاچىدۇ.دېرىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ.تۆۋەن تەرەپتىكى قارىماي يولىدا يولدىشى نۇرمەمەت بىر قول ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە كىتىپ بارغان بولىدۇ.گۈلسۈم يولدىشىغا قارىغىنىچە

تۇرۇپ قالىدۇ ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ،

گۈلسۈم:-نۇرمە...مەت.دىگىنىچە ۋاقىرىماي قولىنى چوشۇرۇپ يولدىشىغا تىخىمۇ سىنچىلاپ قارايدۇ.ۋە بىشىنى دېرىزىدىن ئېلىپ،ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوغلى جۈرئەتكە قارايدۇۋە دېرىزىنىڭ تەكچىسگە يۆلىنىدۇ.

جۈرئەت:ئاپا نىمە بولدى. دىگىنىچە ئاپىسىنىڭ يېنىغاكىلىپ ئاپىسنى يۆلەيدۇ. ئاپىسى جۈرئەتكە دېرىزىنى شەرەت قىلىدۇ.نۇرمەمەت ھارۋىسنى سۆرىگىنىچە بارغانسىرى يىراقلاپ كىتىدۇ.يول ئۈستىدە بىزگە تونۇشلۇق ھىلىقى ئىككى بالا تۈيۈقسىز پەيدا بولىدۇ .يەنىلا داپ چىلىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

نۇرمەمەت ،ۋاي نۇرمەمەت،

ماشىناڭ يوق ،پۇلۇڭ يوق.

نىمە قىسمەت بۇ ساڭا ،

http://www.uyebook.com

كىرەي دىسەڭ ئۆيۈڭ يوق.

دىمىدىمۇ،دىمىدىمۇ؟

ئۆزەك چىدىمايسەن دىمىدىمۇ؟

ھىساۋى بار ھەممىنىڭ ،

ھىساۋىڭنى بەردىڭمۇ؟

چاقچاق دىگەن مانا شۇ،

ئاخىرى ئۆزەڭ كەلدىڭمۇ؟

دىمىدىمۇ؟دىمىدىمۇ؟

ئۆزەڭ چىدىمايسەن دىمىدىمۇ؟

تۈگىدى.

2004-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى

# مېھمان-4

(ئىتوت)

تاھىر ھامۇت

قاتناشقۇچىلار:ئەيسا،داۋۇت،ئابدۇكېرىم،ئابدۇرېھىم قان.

ئورنى: ئەيسانىڭ ئۆيى.

ۋاقتى:نورۇز كۈنى كەچ.

چىراغ ياندۇ.ئەيسانىڭ مېھمانخانا ئۆيى.ئۆيدە ساپا،شىرە،ئىككى ئورۇندۇق.ئەيسا ئۆيدە.ئۇنىڭ ئىچى قاتتىق پۇشقان.ئۇ داۋۇتتىن قورقۇپ تالاغا چىقالمىغىلى بىر ھەپتە بولغان.ئۇ قورۇق ھاراق بوتۇلكىسىنى تەكشۈرۈپ باقىدۇ،ھاراق يوق.ئاخىر ساپادا يېنىچە يېتىپ مۈگدەشكە باشلايدۇ.شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم سەھنىگە چىقىدۇ.

ئابدۇكېرىم: كونىلاردا :«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ»دېگەن گەپ بار.بۇ گەپ ھەقىقەتەن ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان.تۆۋەندە بىز «مېھمان»دېگەن ئىتوتنى كۆرۈپ باقايلى.بۈگۈن نورۇز ئاخشىمى چوڭ ئەيسانىڭ ئۆيىدە يەنە جېدەل چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.ئەگ ياخشىسى مەن بۇ جېدەلگە ئارىلىشىپ قالماي ئاستا كېتىۋالاي.

(ئابدۇكېرىم سەھنىدىن چۈشۈۋاتقاندا داۋۇت ئابدۇرېھىمنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىدۇ.داۋۇت ئازراق مەست.)

داۋۇت:(ئابدۇرېھمنى كۆرۈپ قالدۇ)هوي مىرشاپ ئۇكا قانداق ئەھۋالىڭ؟

ئابدۇكېرىم:ھە تىنچلىقمۇ داۋۇتكا،نورۇز بايرىمىڭغا مۇبارەك بولسۇن!

داۋۇت:ۋۈي،بۈگۈن نورۇزما؟!ئۇنداق بولسا يۈر،بىللە نورۇز ئوينايمىز!

ئابدۇكېرىم:رەھمەت داۋۇتكا،مېنىڭ بەك ئالدىراش ئىشىم بار.مەن ماڭاي.

داۋۇت:ھەي ئۇكا،سەن تېلېۋىزوردىكى مەشرەپلەرگە چىقىۋەرمەي،مانداق بىزنىڭ يەرلىك مەشرەپلەرگىمۇ ئانچە-مۇنچە قاتنىشىپ قوي.تۇرمۇش ئۆگەن دەيمەن تۇرمۇش!يۈرە!

ئابدۇكېرىم:بولدى داۋۇتكا،مەن ماڭاي.

ئابدۇرېھم:(ئابدۇكېرىمگە ھۈرپىيىدۇ)ھەي بالاڭزا،ئاكام گەپ قىلىۋاتسا ياق دەيسىنا!

ئابدۇكېرىم:(ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ،گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ)ماڭاي دېدىمغۇ؟يۈرە داۋۇتكا،بىردەم –يېرىم دەم ئولتۇرايلى.

داۋۇت:ھە ما گېپىڭ بولدى.

(ئۇلار ئەيسانىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىدۇ.داۋۇت ئابدۇرېھمغا شەرەت قىلىدۇ،ئابدۇرېھم ئىشىكنى چېكىدۇ.ئەيسا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ،ناھايىتى خۇشال ھالدا يورغىلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ.ئاچىدۇ-يۇ،داۋۇتنى كۆرۈپ ئارقىغا قاچىدۇ.)

داۋۇت:ھەي،توختا!(ئەيسا ئورنىدىلا توختايدۇ ھەمدە دەرھاللا سول بىقىنىنى تۇتۇۋالىدۇ.) ھە، قاچىسەنغۇ؟

ئەيسا: (ھاراق ئىزدەپ داۋۇتنىڭ يانچۇقلىرىغا چاندۇرماي سەپسالىدۇ)مۇشۇ سول بىقىنىم ئاغرىپ قارا،مۇشۇ يەرچۇ مەشە.(ئۇ داۋۇتنىڭ بىقىنىنى سىلاشتۇرۇپ ،ئۇنىڭ قولى داۋۇتنىڭ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان بوتۇلكىغا تېگىدۇ،كەيپىياتى بىراقلا

جانلىنىدۇ)ساقىيپ قالدى قارا!

داۋۇت: (ئۇنىڭ مەقستىنى چۈشىنىپ،بىلىگە قىستۇرۇۋالغان كىچىك بوتۇلكىلىق هاراقنى چىقىرىدۇ) مۇشۇنى كۆرۈپ ساقايدىڭغۇ سەن؟!باشلىمامسەن بىزنى؟

ئەيسا: قېنى ئولتۇرۇڭلار،ئولتۇرۇڭلار!

(هەممەيلەن ئولتۇرىدۇ).

داۋۇت:هە،ئەمسە مەن باللارنى بىر تونۇشتۇرۇپ قوياي.(ئەيسانى كۆرسىتىپ ) بۇ ئەيسا،مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى ،ئىنىمىز.هە،مىنىڭ ئىسمىم...

ئەيسا:داۋۇت ئاكام،داۋۇت پالتا ئاكام!

داۋۇت:بۇياقنىڭ ئىسمى...

ئەيسا:مەشرەپتە چىقىدىغان مىرشاپ!هەي يۈزۈڭدە خېتىڭ يوققۇ سىنىڭ؟!(زاڭلىق قىلىدۇ) ۋاي،قالتىس ئوينايسەن جومۇ مىرشاپ دېگەننى!

داۋۇت:هەي،سەن تونۇمسەن؟

ئەيسا:دەنشىدە كۆرگەن!

داۋۇت: (ئەتراپقا قاراپ قويۇپ) سىنىڭ تېلېۋىزورۇڭ بارما؟

ئەيسا:قوشنىلارنىڭكىدە كۆرگەن.

داۋۇت:(ئابدۇرېهىمنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ) بۇ...

ئەيسا:(داۋۇتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ )هوي نەدىن تاپتىڭ بۇ يىگىنە يەۋالغان ئىتتەك بىر نېمىنى؟(زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ)

داۋۇت:بۇ ئىنىمىز...

ئەيسا: (داۋۇتنىڭ گېپىنى يەنە بۆلىدۇ) هەي، لاخشىگىرغۇ بۇ؟نەدىن ئەكەلدىڭ بۇنى؟نېماندىاق ئىنچىكە بۇ؟(زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ)

داۋۇت:قارا، بۇ ئىنىمىزچۇ...

http://www.uyebook.com

ئەيسا: (داۋۇتنىڭ گېپىنى يەنە بۆلىدۇ)تۇغقانلىرىڭنىڭ ئەڭ كىچىكى دېگىنە بۇ؟بۇنى ئوبدان باقماپسەن ھە؟سېنىڭ تۇغقانلىرىڭ نېمانداق كىچىكلەپ كەتتى ھوي؟كىيىم ئاسقۇچقۇ بۇ!(يەنە زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ.شۇچاغدا ئابدۇرېھىم ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ داۋۇتقا قارايدۇ.ئەگەر داۋۇت رۇخسەت قىلسىلا،ئۇ ئەيسانىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى.داۋۇت بۇنى سېزىپ قالىدۇ.)

داۋۇت:ھەي بولدى!(ئەيسانى ئۇرماقچى بولغاندەك قول تەڭلەيدۇ.ئەيسا كۈلۈشتىن توختايدۇ.)بۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم «قان»،ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ!(بۇنى ئاڭلاپ ئەيسانىڭ چرايىدا قان قالمايدۇ.)

ئەيسا: ۋاي،ئۆزۈمنىڭ ئۇكامغۇ بۇ! باياتىنلا تونۇغان مەن.چاقچاق ،خاپا بولما جۇمۇ ئۇكا!پاھھوي ئەجەب ئىسسىپ كەتتا بۇ ئۆيىنىڭ ئىچى؟!

داۋۇت:قارا،بۇگۈن نورۇزكەن دېگىنە.سېنىڭ ئۆيۈڭنى كۆڭلىمىز تارتىپ كەلدۇق.سەندىن ھاراق چىقمايدىغانلىقنى بىلىپ بۇنى ئالغاچ كىردىم،ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلىرىڭ باردۇ؟ Â

ئەيسا:بار!(كىرىپ كېتىپ قېتىپ كەتكەن بىر نانىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.)مانا زاكۇسكا دېگەن!

داۋۇت: ھەي ئاران مۇشۇما؟

ئەيسا:بېرى شۇ!«پۇل يوق ئۆيدە جان چىقىدۇ،خوتۇن يوق ئۆيدە نان چىقىدۇ»دېگەن شۇ!

داۋۇت:ئەكەل نانىنى.(قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارايدۇ)ھەي،مەن بۇ نانىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

ئەيسا:سەن تونۇيسەن ،ئىككىڭلار تونۇش.بۇ نان كىرورەن ھەدەم ياققان قەدىمي نان! ئاسارە-ئەتىقە! نۇرغۇن پۇلغا يارايدۇ! بۈگۈن سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلارنى دەپ

بۇ ناندىن كەچتىم!

(داۋۇت ناننى ئوشۇتماقچى بولۇپ ئوشۇتالمايدۇ،ئەيساغا تەڭلەيدۇ.)

ئەيسا : (ناننى ئېلىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوشۇتالمايدۇ.)مانا جىك ئاسارە-ئەتىقە دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ،ئەمما لېكىن مىدىرلىتالمايسەن!ئىشەنمىسەڭ مىرشاپ ئۇكا،سەن سىناپ باقە! (ناننى ئابدۇكېرىمگە بېرىدۇ.

ئابدۇكېرىم:بولدى ئىشەندىم ئەيساكا.

ئەيسا:مە،ئالە!

(ئابدۇكېرىم ئېلىپ ئوشتۇيالمايدۇ،بۇنى كۆرۈپ ئابدۇرېھىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىدۇ.)

ئابدۇكېرىھىم: (ناننى ئابدۇكېرىمدىن گەپ قىلمايلا ئېلىپ «قارس!»قىپلا ئوشتۇۋېتىدۇ.بۇنى كۆرۈپ ئەيسا ئابدۇرېھىمدىن تېخىمۇ قورقىدۇ.)

ئەيسا: مانا مۇشۇ ناننى نەچچە يىلنىڭياقى ھېچكىم ئوشتۇيالمىغان.مانا مۇشۇ ئىنىمىز ئوشتۇۋەتتى!پالۋان!باتۇر!

ئابدۇرېھىم:كۈچ ئوشتۇمايدۇ ئاكا بۇنى،ۋىجدان ئوشتۇيدۇ،ۋىجدان!

(ھەممەيلەن قايىل بولۇپ تەڭلا ئاپىرىن ئېيتىشىدۇ).

ئەيسا:قەتئىي خاپا بولما جۇمۇ ئۇكا،بايا سىنى تونۇماپتىمەن،مەن ئۆلەي ،ھازىرلا ئۆلەي ! سىنى راستىلا تونۇماپتىمەن.ئەمما نامىڭنى ئاڭلىغان .سىنى ئۆزۈم ئايرىم مېھمان قىلىمەن.بۈگۈن قاتتىق-قۇرۇق بوپ قالدى.ئۆيدە ھەدەڭ يوق دېگىنە.(كۆپچىلىككە)قېنى قاتتىق -قۇرۇق بولسىمۇ ئېلىڭلار بىرە ر پارچىدىن.مەن بى ئۇسسۇزلۇق ئاچقاي.(ئەيسا ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.ئۇچەيلەن ناندىن بىر پارچىدىن ئېلىپ غاجاپ باقىدۇ.چىشى ئۆتمەيدۇ.مۇشۇ چاغدا ئەيسا بىر قاچا سۇنى ئېچقىپ شىرەگە قويىدۇ.ئۇچەيلەننىڭ ناننى يېيەلمىگىنىنى كۆرۈپ ،ئۆزى ناننى

ئېلىپ مەززە بىلەن شۈمۈشكە باشلايدۇ.)

ئەيسا: (نانىنى كۆرستىپ)بۇچۇ،شورايدىغان نان.بۇنى «نان قۇرت» دەيمىز.«نان قاق »دېگەن مۇشۇ. زاكۇسكىغا دەھشەت ياخشى بۇ!

ئابدۇكېرىم:داۋۇتكا،مەن ماڭسام بولاتتى.

داۋۇت:ھە؟

ئابدۇكېرىم:مەن ماڭايمىكىن.

داۋۇت:نېمە دەيدىغانسەن ئۇكا.بىردەم ئولتۇرە.(ئەيساغا)ھەي،باشقا بىرنېمىلىرىڭ يوقمۇ سېنىڭ،مۇشۇ قاتتىق نانىنى غاجاپ ئولتۇرامدۇق؟

ئەيسا:باشقا نەرسە يوق ئەمدى.خوتۇن بولمىغاندىكىن ھېچنەرسە بولمايدۇ-دە!

داۋۇت:پايپاقتىن چىقىپ قالارمىكىن.

ئەيسا:يوق مانا.(پۇتىنى كۆتۈرۈپ كۆرستىدۇ.)ئۆزۈڭ بىلسەن داۋۇتكا،بۇ ئۆيگە كەچ بولغاندا ياتقىلى كىرىمەن شۇ.

داۋۇت:بۇ ئۆي ساڭا دەڭ دېگىنە،دەڭ!

ئەيسا:مەشرەپ دېگەن شۇ:«تاپالىغىنى گۆل كەلتۈرەر،تاپالمىغىنى بىر باش پىياز».ھېلىمۇ نان بولسىمۇ چىقتىغۇ،پىيىزى بار نان!

داۋۇت :ھە بوپتۇ.(ئابدۇرېھىمغا قاراپ)بۇنىڭدىن بىرنېمە چىقمايدۇ.ئۇكا ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە ئېلىۋالغان بولغىيتتىڭ؟

ئابدۇرېھىم: ئېلىۋالغان ئاكا، مانا (يانچۇقىدىن گازىر-خاسىڭلارنى ئېلىپ شىرەگە تۆكىدۇ.)

ئابدۇكېرىم:داۋۇتكا،مەن ماڭاي.

داۋۇت:(سەل تېرىكىپ)ھەي ئۇكا،ئولتۇر دېگەندىكىن ئولتۇرە جىم! (داۋۇتنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئابدۇرېھىم ئورنىدىن قوپۇپ ئابدۇكېرىمگە

http://ilkitap.blogbus.com

تەھدىت سالىدۇ.)

ئابدۇرېھىم:ئوخخوي بالاڭزا،ھەجەپ گېپىڭ جىققەن.ئۆزۈڭ ئاپىرىپ قوياپمۇ-يا؟!

داۋۇت:(ئابدۇرېھىمنى بىسىپ)ياق بولدى،جىم ئولتا.كەتمەيدۇ.(ئابدۇكېرىمگە قاراپ)بىردەم ئولتۇرسەنغۇ ئۇكا؟

ئابدۇكېرىم:(ئىنتىكلا)ئولتۇراي،ئولتۇراي.ئەيساكامنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىمامدۇق بىردەم.

داۋۇت:قارا ئۇكا.بۇگۈن نورۇزكەن.بىز مۇشۇ ئەيسانىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزەيلى.«ئەيسا مەشرىپى» قىلايلى.سەن مىرشاپلىق قىپ بېرىسەن.ئەمما،مەشرەپ قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىمىز.چىڭ تۇرمىساڭ بولمايدۇ.قېنى بىر ئېلان قىلىۋېتە،مەشرەپنى رەسمىي باشلايلى.

ئابدۇكېرىم: ( ئورنىدىن تۇرۇپ) ھۆرمەتلىك 3 ئوغۇل...

ئەيسا:ھەي مىرشاپ،توختا،توختا!بىز 3 بولغان بىلەن بىلەن قارا،ھەر بىرىمىز 10 ئوغۇلغا تېتىيمىز،شۇنداق بولغاندا بىز ھازىر 30 ئوغۇل!(داۋۇتقا قاراپ)قانداق دىيدىم داۋۇتكا؟

داۋۇت:ھە،توغرا!ئالامەت كەلدى!

ئابدۇكېرىم: ھە،ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مەشرەپ ئەھلى،ھۆرمەتلىك 30 ئوغۇل.بۈگۈن ئەيساكامنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئەيسا مەشرىپى »گە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!ئالدى بىلەن كۆڭتەرتىپكە ئاساسەن ئىككى مىنۇت چاۋاك چېلىپ بەرسەڭلار،سۈرەتكە ئېلىۋالساق.ھە قېنى!(ئۆزى باشلاپ چاۋاك چالىدۇ،باشقىلار ئەگىشىدۇ.ئابدۇكېرىم سەھنىدىكىلەرنى ۋە پەستىكى تاماشىبىنلارنىمۇ خېلى ئۇزۇن چاۋاك چالغۇزىدۇ.)ھە خوش.(داۋۇتقا قاراپ ) يىگىت بېشى كىم بولىدۇ؟

http://www.uyebook.com

ئەيسا:(ئىشتكلا) داۋۇتكام،داۋۇت«پالتا»ئاكام!دۇنيادا داۋۇتكامدەك يىگىت بېشى يوق، تېپىلمايدۇ!(داۋۇتقا قاراپ) داۋۇتكا ئىشتىنىڭنى ئوڭشا ، دىيەنشگە چىقسەن!(داۋۇت كېرىلىپ رۇسلىنىشقا باشلايدۇ)

ئابدۇكېرىم:ئەمدى بۆگۈنكى مەشرىپىمىزنىڭ يىگىت بېشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي.بۇياق:

ئەل ئىچىدە نامى بار،

جۇپ قولىدا پالتىسى.

تەڭ كېلەلمەس ئۇنىڭغا

نوچىلاردىن ئالتىسى.

هاراق دېسە مەن دەيدۇ،

جېدەل دېسە مەن دەيدۇ.

ناھەقچىلىك يۈز بەرسە،

مەيدە مۇشتلاپ مەن دەيدۇ.

غان ھەممىمىزگە تونۇشلۇق داۋۇت پالتا ئاكىمىز!قېنى ،قىزغىن چاۋاك!(ھەممەيلەن چاۋاك چالىدۇ.)قېنى يىگىت بېشىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!چاۋاك!(كۆپچىلىك يەنە چاۋاك چالىدۇ).

داۋۇت:(سۆزلەيدۇ)ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەشرەپ ئەھلى،ئەمدى مەن ئالدى بىلەن،رەھمەت ئېيتىمەن.ھە،ئەيساجانغا،ھە ھەممە ئادەمگە.ھە ...بۈگۈن نورۇزكەن. رەھمەت! (داۋۇت گەپنى يىغىشتۇرالماي قىيىپ كېتىپ قىلىشىپىدۇ.ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىدۇ)

ئابدۇكېرىم: داۋۇتكا،مەشرەپنى باشلايلى،ئىجازەتمىكىن؟

داۋۇت: ھە ئىجازەت،باشلايلى.

ئابدۇكېرىم:(يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلىدۇ) «ئەيسا مەشرىپى »باشلاندى!!!

ئەيسا: (ئاغزىدا مۇزىكا چالغاننى دورايدۇ) گۇمباك-گۇمباك-گۇمباك...

داۋۇت: ئەمسە،مەشرەپنىمۇ تىنچ-ئامان باشلىۋالدۇق،ئەمدى ماۋۇ ھاراق ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ،ئانچە-مۇنچە ئىچكەچ ئولتۇرايلى.

ئابدۇكېرىم: ھەي داۋۇتكا نەدە مەشرەپتە ھاراق ئىچىدىغان ئىش بار؟

ئەيسا:بار! ھازىر ھەممە مەشرەپتە ھاراق ئىچىدۇ.ئەكەل مەن ئاچاي!(ئەيسا داۋۇتنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى تارتىۋالىدۇ.ئەيسا ھاراقنى ئېچىشىغىلا داۋۇت ئۇنىڭدىن ئېلىۋالىدۇ.)مەنلا قۇيايچۇ،داۋۇتكا؟

داۋۇت:ياق،سىنىڭ قولۇڭ ئېغىر،جىق قۇيىۋېتىسەن.يۇتۇمۇڭ چوڭ،ئىككى يۇتۇپلا تۈگىتىۋېتىسەن.ئۆزۈم قۇيىمەن.قېنى رومكاڭ؟(ئەيسا شىرە ئاستىدىن رومكا ئالىدۇ،داۋۇت رومكىغا ھاراق قۇيىدۇ.)مەن ئەيساغا ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.قېنى خوشە!(ئەيسا رومكىغا سۆيۈپ قويىدۇ.داۋۇت ھاراقنى مەززە قىلىپ ئىچىدۇ،ئاندىن ئەيساغا)پاختا ئەچىق!

ئەيسا: نېمە قىلىسەن پاختىنى؟

داۋۇت:«غۇچ-غۇچ» ئوينايمىز.(ئۇ پاختىغا ھاراق تەگكۈزۈپ چىشىغا سۈركىگەننى دورايدۇ.)

ئەيسا:ھەي،سادىغاڭ كېتەي داۋۇتكا ئۇنداق قىلمايلى.

داۋۇت:ئەمسە بۇرۇنقى پەددە «كىر-كىر »ئويناپمىز!

ئەيسا:ياق،«كور-كور»ئويناپلىچۇ؟

داۋۇت:ياق «كىر-كىر »ئويناپمىز!( ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىغا ھاراق قۇيۇپ،ئابدۇكېرىمگە تەڭلەيدۇ.)

ئابدۇكېرىم:مەن ئىچمەي داۋۇتكا.

داۋۇت:ۋاي ئاله!(هاراقنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ)

ئەيسا:(ئابدۇكېرىمگە)ئەخمەق سەن ئىچمەيسەن،ئاغزىڭغا تۆكسەكلا ئۆزى كىرىپ كېتىدۇ،قارا مانداق(ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ قولىدىكى هاراقنى ئىلىپلا ئىچىۋېتىدۇ).

داۋۇت: (ئەيساغا) هەي سەن ئىچىۋالدىڭغۇ؟!

ئەيسا:مەن ئۆگەتتىم .مېنىڭ نۆۋىتىم ئەمەس جۇمۇ!

(داۋۇت يەنە هاراق قۇيۇپ ئابدۇكېرىمگە بېرىدۇ ،ئابدۇكېرىم ئىچىۋېتىدۇ.داۋۇت هاراق قۇيۇپ ئابدۇرېهىمگە بېرىدۇ،ئۇمۇ ئىچىۋېتىدۇ.ئاندىن ئەيسا ئىچىدۇ.داۋۇت ئۆزىگە كەلگەندە يەنە رومكىغا قۇيىدۇ.شۇ چاغدا چوڭ چىراغ ئۆچىدۇ.)

ئابدۇكېرىم:داۋۇتكا كەچ بوپ كەتتى،مەن ماڭاي.

داۋۇت: ئا... ئولتۇرە ئۇكا.نەدە مەشرەپنى باشلاپ قويۇپ مىرشاپ كېتىدىغان ئىش بار.شۇنداقمۇ ئابدۇرېهىم؟

ئابدۇرېهىم:شۇنداق بولماي ئاكا!(ئابدۇكېرىم جىمىپ قالىدۇ.)

ئەيسا: داۋۇتكا،مەن بىر رومكا ئىچەي،جېنىم ئاكا!

داۋۇت: هازىر ئىچتىڭغۇ؟(داۋۇت سەل ئويلىنىپ)ئەمسە مانداق قىلايلى.مەن تېپىشماق دەيمەن،تاپالىساڭ ئىچىسەن،تاپالمىساڭ مەشرەپ قائىدىسى بويىچە جازالايمىز!شۇنداققۇ مىرشاپ؟

ئابدۇكېرىم:شۇنداق،شۇنداق.

ئەيسا: مەيلى،ئېيتە تېپىشمىقىڭنى!مەن تاپالمىغان تېپىشماق يوق.هەرقاچان خوتۇن توغرىلىق تېپىشماق دەيسەن شۇ!

داۋۇت:خوتۇن يامانمۇ دۈشمەنمۇ؟تاپە!

ئەيسا:خوتۇن يامان!

داۋۇت:قانداق خوتۇن يامان؟

ئەيسا:يامان خوتۇن يامان!

داۋۇت:قانداق يامان؟

ئەيسا:قانۇندا 18ياشتا خوتۇن ئالغىلى قويامدۇ؟

ئابدۇكېرىم : (داۋۇت گەپ قىلاي دېگۈچە) ئوخخوي قويمايدۇ.

ئەيسا:نەچچە ياشتا خوتۇن ئالغىلى قويىدۇ؟

ئابدۇكېرىم: 22 ياشتا.

ئەيسا:18 ياشتا ئەسكەرلىككە ئالىدۇ شۇنداقمۇ؟

داۋۇت:شۇنداق.نېمە بوپتۇ ئالسا؟

ئەيسا: ئادەم 18 ياشتا ئەسكەر بولۇپ،دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،22ياشقا كىرىپ تەجرىبىلىك بولغاندا ئاندىن خوتۇنغا تاقابىل تۇرالايدۇ.

داۋۇت:دېمەك...

ئەيسا: خوتۇن يامان.(هاراقنى ئېلىپلا ئىچىۋېتىدۇ).يەنە ئېيتە تېپىشماقنى،تاپىمەن!

داۋۇت: (ئۆتتۈرۈپ قويغىنىغا سەل خۇيى تۇتىدۇ) ئەمسە تاپە،خوتۇن ياخشىمۇ هاراقمۇ؟

ئەيسا: خوتۇن ياخشى!

داۋۇت: قانداق خوتۇن ياخشى؟

ئەيسا: ياخشى خوتۇن ياخشى!

داۋۇت:قانداق ياخشى؟

ئەيسا: (باش بارمىقىنى چىقىرىدۇ) مۇشۇنداق ياخشى!

داۋۇت: ( ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرىدۇ) تاپالمىدىڭ ،جازاغا تارتىمىز!

ئەيسا: توختا داۋۇتكا توختا،تاپىمەن توختا!

داۋۇت: ھە تاپە!

ئەيسا : خوتۇندىن ھاراق ياخشى!

داۋۇت:قانداق ياخشى؟

ئەيسا: بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بىر بوتۇلكىنى ئىچسەڭ ئالدىنقىسى خاپا بولامدۇ-بولمامدۇ؟

داۋۇت: خاپا بولمايدۇ!

ئەيسا: خوتۇنچۇ؟

داۋۇت: خاپا بولىدۇ.

ئەيسا: بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان جىق ھاراقنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپ قويساڭ ئۇلار ئۇنامدۇ-ئۇنىمامدۇ؟

داۋۇت: ئۇنايدۇ!

ئەيسا : خوتۇنچۇ؟

داۋۇت: ئۇنىمايدۇ!

ئەيسا : بىر بوتۇلكا ھاراقنى مانا تۆتىمىز تەڭ كۆزدە قاراپ ئىچىۋاتىمىز،خوتۇننى ئەل-ئاغىنىلەر تەڭ كۆزدە قارىغىلى بولامدۇ-بولمامدۇ؟

داۋۇت: بولمايدۇ

ئەيسا :ھاراقنى تاشلىۋەتسەڭ سەندىن ئۆچ ئالامدۇ-ئالمامدۇ؟

داۋۇت: ئالمايدۇ!

ئەيسا : خوتۇننى تاشلىۋەتسەڭچۇ؟

داۋۇت: ئۆچ ئالىدۇ!

ئەيسا : ھاراقنىڭ يېنىغا كىچىدە مەست كەلسەڭ ئۆيدىن قوغلاپ

http://ilkitap.blogbus.com

چىقىرامدۇ-چىقارمامدۇ؟

داۋۇت :چىقارمايدۇ!

ئەيسا : خوتۇنچۇ؟

داۋۇت :قوغلاپ چىقىرىدۇ!

ئەيسا : هاراق بوتۇلكىسىنىڭ پىگۇرىسى بۇزۇلامدۇ-بۇزۇلمامدۇ؟

داۋۇت: بۇزۇلمايدۇ!

ئەيسا :خوتۇنىنىڭچۇ؟

داۋۇت: بۇزىلىدۇ!

ئەيسا : دېمەك...

داۋۇت : دېمەك...

ئەيسا : خوتۇندىن هاراق ياخشى!(داۋۇتنىڭ ئالدىدىكى رومكىنى ئېلىپ ئىچىۋالىدۇ.)

ئابدۇكېرىم: مەن ماڭاي داۋۇتكا.

داۋۇت : هەي ئۇكام، نەدە مىرشاپ مەشرەپنى باشلاپ قويۇپ كېتىدىغان ئىش بار؟شۇنداقمۇ ئابدۇرېهىم؟

ئابدۇرېهىم : شۇنداق ئاكا!

داۋۇت : هاراقمۇ تۇگەي دېدى ،( بوتۇلكىغا قارايدۇ ) هەي راستىنلا تۇگەپتىغۇ بۇ هاراق!(ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ئەيساغا قارايدۇ)

ئەيسا : ئۇنداق ئەمەستۇ داۋۇتكا؟( ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىپ سىلكىيدۇ،دۈم كۆمتۈرىدۇ،هاراق تۇگىگەن.)

داۋۇت: (ئابدۇكېرىمگە ) ئۇكا،ئۆزۈڭ مىرشاپ بولغانىدىكىن تۇزۇك باشقۇرمامسەن؟!

ئابدىكېرىم : (ئورنىدىن تۇرۇپ ) ئەمسە مەشرىپىمىزگە ئاتاقلىق چولك ئەيساكامنى كەپ قاپتۇ،بىر نومۇر ئورۇنلاپ بېرەي دەپ تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ...

ئەيسا :(خاپا بولۇپ) ئۆزۈڭ كەپقالدىڭ! تېخى مېنى كەپ قالدى دەيدا! مېنىڭ ئۆيۈم بۇ!(مىرشاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ.)

داۋۇت : بولدى،بولدى!دەڭلار ئەيسا نېمە نومۇر كۆرسەتسۇن؟ھە ،بولدى بىرناخشا ئېيتسەن،يارىمسا جازاغا تارتىمىز ،شۇنداققۇ مىرشاپ؟ھە،راست،ماۋۇ ئابدۇرېھىم ئىنىمىز پاششاپ بوپ بەرسۇن.

ئابدۇكېرىم : شۇنداق،شۇنداق قىلايلى!( ئابدۇرېھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ،پەي سوزۇپ ،جازاغا تەييارلىق قىلىدۇ.بۇنى كۆرۈپ ئەيسانى ۋەھىمە باسىدۇ.)

ئەيسا : ئەمسە مەن بىر ناخشا ئوقۇپ بېرەي.(بىر ناخشا ئېيتىدۇ،بۇ ناخشىغا داۋۇت ئامراق بولغاچقا چاۋاك چالىدۇ.)

داۋۇت: ياخشى،ياخشى،يەنە بىرنى!

ئابدۇكېرىم : ئەيساكامنىڭ ئورۇنلىشىدا يەنە بىر نومۇر.چاۋاك!

ئەيسا : بولدىغۇ؟ئەمدى نېمىش قىلىمەن؟

داۋۇت: (ئابدۇرېھىمغا) ئۇكا،سەن دېگىنە نېمىش قىلسۇن؟

ئابدۇرېھىم : ئوخخوي،ئۇسسۇل ئويناپ بېرە، بالاڭىزا!

ئابدۇكېرىم :ئۇسسۇل،ئۇسسۇل،قېنى چاۋاك!

ئەيسا : مۇزىكا بولمىسا! (داۋۇتقا ) ئەمسە سەن ناخشا ئېيتىپ بەر! (كۆپچىلىككە كۆپچىلىك،داۋۇتكام پالتا ناخشا ئېيتىپ بەرسۇنلا!چاۋاك!

داۋۇت: ئەمسە مەن «قويۇم » دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي.

ئەيسا :قانداق ناخشا ئۇ «قويۇم» دېگەن؟

داۋۇت : ھېلىقى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىلك بېشىدا چىقىدىغان ناخشىچۇ؟«قويۇم»!

ئەيسا : ھە،«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم » ئوخشىمامدۇ؟

داۋۇت :ھە شۇ!

ئەيسا :(زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ) شۇ ناخشىدىن قويلا ئېسىڭدە قاپتۇ-دە،ساقام!

ئابدۇرېھىم : (ھۆرپىيىپ ) ئاكامنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ئاستا ئۇسسۇلۇڭنى ئوينىساڭ بولامىكى! ھېلى كۆرىمىز تېخى!(ئەيسانىڭ كەينىپى بىراقلا ئۇچۇپ ئەسلىگە قايتىدۇ.)

ئەيسا : ئويناي،ئويناي،ئېيتامسەن داۋۇتكا ناخشاڭنى،ساڭىلا قاراپ قالدۇققۇ بىز!

(داۋۇت ناخشا ئېيتىدۇ،ئەيسا ئۇسسۇل ئوينايدۇ.)

داۋۇت: ياخشى ئوينىيالمىدىڭ! پاششاپ!

ئابدۇرېھىم : مەن تەييار ئاكا!(ئورنىدىن تۇرۇپ تەييارلىق ھەرىكەت ئىشلەيدۇ).

ئەيسا :(ئەيسا داۋۇتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ) جېنىم ئاكا ،شۇندا ئوبدان ئويندىمغۇ؟ مىرشاپ دەپ باقسۇن،مىرشاپ بىر دەپ باقسۇن!

ئابدۇكېرىم : ئوبدان ئوينىدى داۋۇتكا.ياخشى ئوينىدىغۇ؟

داۋۇت :(داۋۇت شەرەت قىلىپ ئابدۇرېھىمنى باسىدۇ) بوپتۇ،مىرشاپ ئارىغا چۈشۈپ قالدى گۇناھىڭدىن ئۆتتۇق! بىراق،يەنە بىر نومۇر كۆرسىتىسەن!

ئەيسا : نېمىش قىلىمەن؟

داۋۇت: (سەل ئويلىنىپ ) يۇمۇر سۆزلە!

ئەيسا : ماقۇل.(ئامالسىز ناھايىتى تېتقىسىز يۇمۇردىن ئىككىنى سۆزلەيدۇ)

داۋۇت: يۇمۇرۇڭ پەقەت قىزىق ئەمەسكەن،پاششاپ!

ئەيسا : ئۇنداق قىلما داۋۇتكا،نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىل،بۇ قانغا تاشلاپ بەرمە! ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ مەيلى!(ئابدۇرېھىم ئەيساغا ئېتىلىدۇ،ئەيسا داۋۇتنىڭ قېشىغا

http://www.uyebook.com

بېرىۋالىدۇ)

ئابدۇرېھىم : نەگە قاچىسەن؟(ئۇ ئەيساغا قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ.ئەيسا بىرلا داجىسا،ئابدۇرېھىم پۇلاڭلاپ قالىدۇ.)

داۋۇت : بولدى،بولدى. ھە،ئۇنداق بولسا ماندىاق قىلايلى.بۇ مىرشاپ ئۇكامىۇ خېلى ئوبدان ئولتۇرۇشۇپ بەردى.ئەمدى بىز گۈلچاينى ئۆتكۈزۈۋېتەيلى،ئاندىن ماڭ،قانداق؟

ئابدۇكېرىم ؛ مەيلى.

داۋۇت : (ئەيساغا ) گۈل چاي ئۆتكۈزۈۋېلىشقا چەك تارتىمىز.چەككە ئىككىمىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپ سالىمىز.ناۋادا چەك ساڭا چىقىپ قالسا كونا-يېڭى ھېسابىڭ ھەممىسىنى سەندىن ئۆزۈم ئالىمەن.جازاغا تارتىلىسەن،مەشرەپ قىپ بېرىسەن.(ئابدۇكېرىمگە)تەلەي قاپىقىڭ قېنى؟

ئابدۇكېرىم: يوق.

داۋۇت : (ئابدۇكېرىمنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ ) ئاۋۇ پارقىراۋاتقان شۇمۇيا؟سېنىڭ ئۇ قاپىغىڭنىڭغۇ تۆشىكى كىچىك،بىرلا ئادەمنىڭ ئىسمى پاتىدۇ! ھە،قاپاق بولمىسا مەيلى.(ئەيساغا ) ئەكەل قالپىقىڭنى،مۇشۇمۇ بولۇۋېرىدۇ. قاپاق-قالپاق،قالپاق-قاپاق!مەكە مىرشاپ،چەك يازىمىز. (ئەيساغا) سەن نېرى تۇر بولمىسا كۆرۈۋالىمەن!(ئەيسا نېرى كېتىدۇ،لېكىن بويۇنداپ قارايدۇ).

داۋۇت : (ئابدۇكېرىمنىڭ يانچۇقىدىن قەغەز-قەلەم ئېلىپ ، ھەر ئىككى چەككە «ئەيسا » دەپ يازىدۇ.)

ئابدۇكېرىم : ھەر ئىككىسىگە «ئەيسا » دەپ يازدىڭغۇ؟

داۋۇت : ئۇش! (چەكنى يېزىپ قالپاققا سالىدۇ) بولدى! مەكەل،مانا مىرشاپ گۇۋاھ! چەككە ئىككىمىزنىڭ ئىسمىنى يازدىم ،تارتە!(ئەيسا ئىككىلا چەككە ئۆز

ئىسمى يېزىلغانلىقنى پەملەپ بولدۇ.شۇنداقتىمۇ چەكتىن بىرنى ئېلىپ يانغا كېلىپ ئاچىدۇ) ئاھا ! داۋۇت!(ئۇ چەكنى ئاغزىغا سىلىپلا يەۋېتىدۇ).ھەي چەك قېنى؟

ئەيسا : ساڭا چىقىپتىكەن ، خۇشاللىقىمدا يەۋەتتىم ئاكا،داۋۇت پالتا ئاكا!مەشرەپنىڭ تائامنى يېگەندەك يەۋەتتىم!

داۋۇت : ئۇ چەك ساڭا چىققان،ئۇنىڭدا سېنىڭ ئىسمىڭ بارتى،چىدىماسلىق قىلدىڭ!

ئەيسا :ياق جېنىم ئاكا،ساڭا چىققان،يالغان بولسا قالپاقتىكى ئاۋۇ چەككە قاراپ باق،ئۇنىڭدا مېنىڭ ئىسمىم بار!( داۋۇت گەپ قىلالمايدۇ،مىرشاپقا قارايدۇ) گۈل چاينى مەن ئۆتكۈزىۋالامدىمەن؟

ئابدۇكېرىم: ئەمدى شۇنداق بولدى.

داۋۇت: بوپتۇ،ئەكەل گۈل چاينى !

ئابدۇكېرىم: قېنى ،گۈل چاي كەلتۈرۈلسۇن!( ئەيسا گۈلچاينى ئەكېلىدۇ).كېلەركى نۆۋەتلىك مەشرىپىمىزنى ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن شەخس بۈگۈنكى ئەيسا مەشرىپىمىزنىڭ يىگىت بېشى داۋۇت پالتا ئاكا! قېنى قىزغىن چاۋاك بىلەن تەبرىكلەيلى!

ئەيسا : ( خۇشاللىقىدا گۈل چاينى شېئىر بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.)

ئابدۇكېرىم : قېنى قىزغىن ئالقىش سادالىرىمىز بىلەن،داۋۇت پالتا ئاكىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

داۋۇت : ھۆرمەتلىك مەشرەپ ئەھلى،مەن ھەممىڭلارنى كېلەر يىلى نورۇزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان « داۋۇت مەشرىپىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن!رەھمەت!( ئەيساغا قاراپ ) لېكىن سەن ئەيسا بۇ قېتىمقى مەشرەپكە

http://www.uyebook.com

ياخشى تەييارلىق قىلماپسەن.مەشرىپىڭ قىزىمدى.ھاراقنىڭ ھەممىنى ئۆزۈڭ ئىچىپ تۈگەتتىڭ! شۇڭا سېنى ئەمدى مۇشۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم جازالايمەن! (داۋۇت قولىنى كۆتىرىشىگىلا توك لاپپىدە ئۆچۈپ قالىدۇ)

ئابدۇكېرىم : ئۇھ!

داۋۇت : توكاڭنى ياندۇر ئەيسا!ھەي سېنىڭ ئۆيۈڭدە توكمۇ تۇرمامدۇ؟

ئەيسا :قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇلاقلىقتى،ئۇلارنىڭ تۈگىسە ئۆچىدۇ شۇ!(چاڭ قىلغان تەستەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ،)

ئابدۇكېرىم ؛ۋاي بۇ مەن ، مىرشاپ!

داۋۇت :قېنى سەن ھەي ئەيسا!؟

ئەيسا : مانا-مانا ئاكا مەن بار!( چاڭ قىلغان تەستەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

ئابدۇرېھىم :ۋۇي ئاكا نېم بولدۇڭ،تاياق يېمىگەنسە؟!

داۋۇت : ھەي قېنى ماۋۇ ئەيسا نەگە قاچتى؟

ئەيسا : داۋۇتكا مەن بار،مانا-مانا ،ماۋۇ ئىشىك ئالدىدىكى چىراغ تۈۋىگە ماڭدىم ،شۇ يەرگە چىقايلى!(تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار بېسىقىدۇ.كېيىنكى نومۇرنىڭ رىياسەتچىسى سەھنىگە چىقىدۇ.)

# پۇلۇمنى بىرىۋەت

(شۇ ناملىق ئېتوتنىڭ سىنارىيىسى)

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم راخمان

رېژىسسور: جۇرئەت ئابدۇۋايىت

سەھنىدە رېژىسسورنىڭ يۆلەنگۈچ ئورۇندۇقى، بىر دانە تېلېۋىزور، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر يوغان سۇپا، گىلەم، بىر تال كىچىك جوزا، قەدىمىي سىياھ قۇتىسى ۋە بىر تال ياغاچ قەلەم.

روللاردا:

رېژىسسور – راھىلە ۋەلى ئاباكوف

ئا مۇئاۋىن رېژىسسور – ئەنۋەر ئابلىز

ب ئارتىس – ئابدۇرېھىم راخمان

سەھنىگە مۇئاۋىن رېژىسسور لىككاڭشىپ مېڭىپ چىقىپ توختايدۇ، كەينىدىن ئارتىس يەنى مۇئاۋىن رېژىسسورنىڭ دوستى مېڭىپ كېلىپ يېنىدا توختايدۇ. مۇئاۋىن رېژىسسور باشلىرىنى تولغاپ گاللىرىنى قىرىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن دوستى يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنرال سۇيىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ – دە، مۇئاۋىن رېژىسسورغا تەڭلەيدۇ.

مۇئاۋىن رېژىسسور كەمستكەندەك قىلىقلارنى قىلىدۇ.

ب: ئاداش مانىڭغا قول قويۇۋەتسەڭ بوپتىكەن؟

ئا: ۋاي چىشىمغا تەگمەي تۇرە ۋاي .....

http://www.uyebook.com

ب: يەنە بىر قېتىم دەيمەن مانىڭغا قول قويۇۋېتە دەۋاتىمەن

ئا: (بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا قارىۋېتىپ)

سەتلەشمىگىن – بىر مۇنچە ئادەم تۇرسا نىمانداق قىلىدىغانسەن،

ئەسسالامۇ – ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مېھمانلار، نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك

بولسۇن!!!

بئادەم: (ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا قارىۋېتىپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

ئاداش، ئۇنداق قىلما، مانىڭغا قول قويىۋەت بولامدۇ؟

ئا: ۋاي- ۋۇي، ھىي، نىمانداق رودىپايدەك نېمسەن ھىي … .

ب: ھىي ئاداش، سەن مىنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ سەنمۇ رودىپاي بوپ

قالاتتىڭ ئادوش، مەن ساڭا 10000 كوي پۇلنى بەرگىلى قاچان ئويلاپ باقە؟! 1

ئاي بولدى، 1 ئاي، ھىي، بوپتۇ پۇلنىغۇ بەرمە بوپتۇ، ئەمدى ماۋۇ ھۆججەتنى

تەييار يېزىپ ئەكلىپ ئىمزايىڭنى قويۇۋەت دىسەممۇ ئۇنمايسنا، مەقسىدىڭ

نىمە؟

ئا ئادەم: قارا ئاداش، مەن پۇلۇڭنى بەرمەيمەن دىمىدىم، چوقۇم بىرىمەن. ماۋۇ

ھۆججىتىڭگىمۇ قول قويمايمەن، دىمىدىم، چوقۇم قويىمەن. بۆگۈن قول قويسامۇ

قويىمەن، قويمىسامۇ قويىمەن شۇنداققۇ؟ دىمەك: بۇ پۇلنى بەرسەممۇ بىرىمەن،

بەرمىسەممۇ بىرىمەن شۇنداقمۇ؟ ts/j -mo F!

ب ئادەم: قارا ئاداش، 10000 يۈەن پۇل دىگەن ئاز پۇلمۇ ئاداش، ئەلۋەتتە ئاز

ئەمەس، دىمەك مەن بۇ پۇلنى چوقۇم بىرىمەن، سەن چوقۇم ئالىسەن، ئالماي

قويمايسەن، دىمەك پۇل بولمىسا بىرەلمەيمەن، سەنمۇ ئالالمايسەن شۇنداقمۇ؟

ب ئادەم: ۋاي – ۋۇي، قۇمغۇ سەن ھۇي قۇم …. (چىك – چىك)

ئا ئادەم: ماڭا قارا، ئەمدى پۇلنىڭ گېپىگە كەلسەك قارا، دىمەك؛

ب ئادەم: توختا .. توختا ... توختا ... ھېي ئەتىگەن ياقى سەن پۇلنىڭ گېپىنى قىلماي ئېغىلدىكى ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانمۇ ھېي؟

ئا ئادەم: توختا ... توختا ... .

ب ئادەم: توختىغىلى يېرىم كۈن بولدى، قىلە گېپىڭنى .....

ئا ئادەم: ماقۇل، ماقۇل، مانداق گەپ بۇگۈن مۇشۇ يەردە بىر فىلىم ئىشلىمەكچى ياق چىقماقچى. شۇڭا ئۇلار ماڭا بىر مۇنچە پۇل بەرمەكچى. مەن بۇ پۇلنى ئېلىپ نېمە ئىش قىلىمەن؟ سېنىڭ پۇلۇڭنى قايتۇرىمەن. نېمە دەپ قايتۇرىمەن؟

ب ئادەم: مەندىن ئالغاندىن قايتۇرىسەندە.

ب ئادەم: ھەببەللى، شۇڭا قايتۇرىمەن.

دېمەك ئاداش ھازىر سېنىڭ بۇ ئىشلىك مۇھىم ئەمەس، ئادەم تېپىش مۇھىم ئادەم... بۇ ئادەم تېپىلسا ماۋۇ مەيدان كۆرۈنىشنى چاقىقانىراق ئېلىۋەتسەك، ماۋۇ فىلىممۇ تېزراق تۈگىسە، مەنمۇ تېزراق پۇلنى ئېلىپ، ساڭا بېرىۋەتسەم دەيمەن ئاداش!

ئەگەردە ئادەم تاپالمىسام دېمەك بۇ كۆرۈنىشنى ئالالمايمەن، بۇ كۆرۈنۈشنى ئالالمىسام.........

ب ئادەم: پۇلنى ئالالمايسەن؟...........

ئا ئادەم: پۇلنى ئالالمىسام........

ب ئادەم: ماڭا بېرەلمەيسەن........

ئا ئادەم: ھەببەللى .........

ب ئادەم؛ قويە ..... لاتىغلاپ (ھېي سەن بۇنداق گەپتىن نەچچىنى دەپ بولدۇڭ؟ نەچچە كىنو ئىشلەپ بولدۇڭ؟ بېرەمەن دەپ قانچە قېتىم دەپ بولدۇڭ؟ مەن ساڭا دەپ قويياي، بۇگۈن مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ سەن كىنونى ئىشلەپ بولساڭپۇلۇڭنى

http://www.uyebook.com

ئېلىپ ئاندىن كېتىمەن. مەن ساقا دەپ قويماي.)

(دەل شۇ چاغدا ئا ئادەمنى يانفونى سايرايدۇ)

ئا ئادەم: ۋەي... ۋەي... رېژىسسور ھە مەن مانا مانا ھازىرلا بارىمەن. مانا – مانا ....

(تېلېفوننى قويىدۇ) ئاداش مۇنداق قىلايلى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە سەن ماڭا ماسلىشىپ بەرسەڭ بۇگۇنكى بۇ كۆرۈنۈشنى تۈگىتىۋېتەيلى، قانداق، ئاندىن مەن پۇلنى ئېلىپ پۇلۇڭنى بېرىۋېتەي. بىللە ئوينىشىپ بەرگىن ئاداش قانداق؟

ب ئادەم: ماڭ – ماڭ مەن رول ئويناپ باقمىسام يا، ئويناشنى بىلسەمۇ ئويناپ بەرمەيمەن.

ئا ئادەم: ئۇنداق بولسا مەن ھازىر بازارمۇ – بازار، كوچىمۇ – كوچا، مەھەللىمۇ – مەھەللە ئايلىنىپ ئادەم تېپىپ كەلمىسەم بولمايدۇ ئاداش بولمىسا پۇلۇڭنى قايتۇرالمايمەن قارا، ئۆتە ماياقتا ئادەم تاپاي.

ب ئادەم: سەن ئادەم تېپىپ بولغۇچە يۈرەمدىن كەينىڭدىن، ماڭە ۋاي....

ئا ئادەم: ئاداش ئوغۇل بالسمۇ؟

ب ئادەم: ھەئە ...

ئا ئادەم: ئۇنداق بولسا ئاداش مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي، تاپالساڭ بولدى ماۋۇ ھۆججەتكە قول قويۇپ بېرەي، ئەگەردە تاپالمىساڭ سەن ماڭا ماسلىشىپ ماۋۇ رولنى ئوينىشىپ بېرىسەن، تاللا ....

ب ئادەم: (بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ) موللا تاپقاق بولمىسام مەن يا ياق .....

ئا ئادەم: ئاداش بولدى مېنى ئاۋارە قىلماي يولنى بوشات، ۋاقتىم ئاز قالدى. مەن دەرھال ئادەم تاپمىسام بولمايدۇ ... ئۆتە ماياقتا ....

http://ilkitap.blogbus.com

ب ئادەم: دەپباقا – ھە بولدى دەپباقە .. ئاڭلاپ باقاي .

ئا ئادەم: ھېساب ئەمسە ھە؟ پىلنى توڭلاتقۇغا سېلىش ئۈچۈن قانچە باسقۇچ كېتىدۇ؟ باشلاندى ....

(ب ئادەم سۇئالنى ئاڭلاپلا ھېسابلاشقا باشلايدۇ)

ب ئادەم: جاۋاپ؛ ھە! توختا ... ھىم... مانداقچۇ، ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى سويۇپ، پاچىلاپ، سېلىپ ... ھە توغرا 4 باسقۇچ كېتىدۇ.

ئا ئادەم: خاتا، 3 باسقۇچ، ئاچىسەن، تىقىسەن، ياپىسەن. سۇئال؛ زىراپىنى سېلىش ئۈچۈن قانچە باسقۇچ كېتىدۇ؟

ب ئادەم: (قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ) 3 باسقۇچ، ئاچىسەن، تىقىسەن، ياپىسەن.

ئا ئادەم: خاتا، 4 باسقۇچ، ئىشكىنى ئېچىپ، پىلنى ئېلىۋېتىپ، زىراپىنى تىقىپ، ياپىسەن، تامام.

(ب ئادەم گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالىدۇ. رېژىسسور ياندىن چىقىدۇ)

رېژىسسور: ھە قانداق قىلدىڭىز؟ تاپتىڭىزمۇ؟ ئەتىگەندە ئەرتىس تېپىپ كېلەي دەپ چىقىپ كېتىپ كېلىشىڭىز ھازىر، بۇنداق قىلسىڭىز بۇ فىلىمنى قانداق ئىشلەپ بولغىلى بولىدۇ؟ مۇئاۋىن رېژىسسور ۋاقىت، ۋاقىت، ۋاقىت كۆز قارىشىڭىز بولۇشى كېرەك ....

ئا ئادەم: شۇنداق رېژىسسور، مەن ئەتىگەندە گۇرۇپپىدىن ئايرىلغان پېتى مەھەللىمۇ –مەھەللە ، تار كوچىمۇ – تار كوچا، پىرقىراپ يۈرۈپ پۈتۈم ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى قاراڭ!

رېژىسسور: ھە بولدى، نەق گەپنى قىلىڭ !

ئا: رېژىسسور .......... تاپتىم مانا بۇ مېنىڭ ئاغىنەم ئىسرائىل نۇرغۇن فىلىملەردە رول ئوينىغان پىشقەدەم ئارتىس ئۇرامىسىز، چاپامىسىز جىملا تۇرىدىغان گۈي دە

بۇ.

رىژىسسور: ھە بوپتۇ، ماۋۇ مەيدان كۆرۈنىشىنىڭ ۋەقەلىكىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟

ئا: ھازىرلا، بىردەمدە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن رىژىسسور.

رىژىسسور: تېزراق بولۇڭ مۇئاۋىن رىژىسسور ۋاقىت ۋاقىت ....

(مۇئاۋىن رىژىسسور ب ئادەمگە بىر تەرەپتىن ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرگەچ يەنە بىر تەرەپتىن تەييارلانغان رولدىكى كىيىملەرنى كەيدۈرۈشكە باشلايدۇ)

ئا: ماۋۇ كىيىمنى كىيە ھە.. قار ئادىشىم بۇ مەيدان ۋەقەلىك مۇنداق: سەن مەندىن 10000 تەڭگە پۇل قەرز ئالغان لېكىن سەن تېخى قايتۇرمىغاچقا مەن سېنى چاقىرتىپ كېلىپ، پۇلنى سۈيلىمەكچى، لېكىن سەن پۇلنى بىرەلمىگەچكە، مەن سېنى ھۆججەتنى بىرنى يېزىپ بېرىشكە چاقىرتتىم، بىلدىڭمۇ؟

(بۇ گەپلەرنى قىلغان مۇئاۋىن رىژىسسور كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ)

سەن بىچارە بولۇپ تۇرۇپ كېتىسەن، ئىتتەك ھېجىيىپ دېگەنىدەك ۋەقەلىك ئاداش، بىر چاڭ چىقىرۋېتەيلى ئاداش قانداق؟

ب: توختا مەن ساڭا قەرز تېخى بىچارە تۇرۇپ كېتىمەن دەپ قوي...

ئا: ياق .. ياق.. ئاداش ماۋۇ فىلىمىدىكى ۋەقەلىك مۇشۇنداق يېزىلغان ئاداش.

رىژىسسور: ھە بولدىمۇ؟ باشلامدۇق ، باشلىمامدۇق؟

ئا: ھە بولدى، بولدى، باشلايلى رىژىسسور... ئاداش ئۇنداق بولسا مەن سېنى چاقىرىمەن، شۇنىڭ بىلەن باشلاپ كېتىمىز جۇمۇ، داۋاي....

رىژىسسور: ئارتىس تەييار بولدى، ھەر قايسى تارماقلار دىققەت . 1 .. 2 ... 3 ... ok

ئا: توختاخۇن كىرگەي.....

(ب ئادەم ھېچنىمە ئاڭلىمىغاندەك جىملا تۇرىدۇ)

http://ilkitap.blogbus.com

ئا: توختاخۇن كىرگەي....

(ب ئادەم ئا ئادەمگە بىر قارىۋېتىپ، يەنە ئالدى كەينىگە قارىۋېتىپ جىملا تۇرىدۇ)

رىژىسسسور: قانداق گەپ بوپكەتتى بۇ ھە؟!

سىزگە دەۋاتىمەن نىمۇ، موگودەك تۇرىسىزغۇ، چاقىرغانىدىن كىيىن، خوش بىگىم دەپ كىرىپ، تىزلىنىسىز، ياڭۋۇرىسىز. ئۇقتىڭىزمۇ؟ دىققەت، يەنە بىر قېتىم

ئا: ئاداش، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

ب: كىمۇ توختاخۇن دىگەن؟ (بىر ئاز خاپا بولغاندەك)

ئا: سەن كالۋا ... فىلىمدىكى ئىسمىڭ... بولە چاققان..

رىژىسسور: 1.. 2 ... 3.. باشلاندى.

ئا: توختاخۇن كىرگەي.... .

ب: خوش بىگىم.

ئا: مەن سىلىگە بېرىپ تۇرغان 10000 تەڭگە يادىلىرىدىمىكىن؟

(نىمە قىلارىنى بىلەي قاراپ تۇرىدۇ، ئا ئادەم ھە دەپ ئىشارەت قىلىدۇ)

ب: ھە شۇنداق بىگىم، شۇنداق بىگىم...

ئا: ئۇنداقتا بۇ 10000 مىڭ تەڭگىنى قا چان قايتۇرالىكىن؟

ب: (سەل تۇرۇپ كېتىپ) مازلاشمىغىنە، مازلاشمىغىنە، ھىي.. كىم ؟ كىمگە بېرىپ تۇردى؟ ئويلاپراق گەپقىلە؟

رىژىسسور: ھەي، ھەي.. سىنارىيەدە نەدە ئۇنداق گەپ بولىدۇ، سىنارىيىدە يېزىلغان گەپنى قىلمامسىز ھە!

ئا: ئاداش، باياتىن مەن ساڭا دەپ بەرگەن گەپلەرنى دە، ئارتۇق گەپلەرنى قىلما! ئوقتۇڭمۇ؟

بولە، يەنە بىر...

رىژىسسور: يەنە بىر كېلەيلى! 1.. 2.. 3.. باشلاندى!

ئا: توختاخۇن كىرگەي!

ب: خوش بىگىم!

ئا: ئۆزلىرى مەندىن ئالغان ھېلىقى مەندىن ئالغان 10000 تەڭگە يادىلىرىدىمىكىن؟

ب: شۇنداق بىگىم، شۇنداق.

ئا: ئۇنداقتا 10000 تەڭگىنى قاچان قايتۇرىلىكىن؟ توختاخۇن؟

ب: كالا قويلارنى سېتىپ، پۇل كىرگەندە بېرەي دىگەن بىگىم!

ئا: (ئۇستەلگە قاتتىق بىرنى ئۇرىدۇ) ماڭا قايلىسلا توختاخۇن ھازىر ئۇرۇق تۇغقانلارمۇ پۇل بەرسە ھۆججەت يېزىپ بېرىشىدۇ. مەن سىلى بىلەن ھېچ ئۇرۇغ – تۇققاندارچىلىق يوق تۇرۇپ 10000 تەڭگە بېرىپ ياردەم قىلدىم.ئەمدىلىكتەبۇنداق دېگەنلىرى نىمىسى ھە! ۋاقتىدا قايتاسلا ياخشى بۇلارمىكىن بولمىسا قازىخاندا كۆرۈشۈپ قالمايلى يەنە ھە!

رىژىسسور: ھە ياخشى بۇلۇۋاتىدۇ .........داۋاملىق ......بۇلۇك !!!.....

ب : بىگىم .... ئۇنداق قىلمىسلا ئۆتۈنۈپ قالاي ئۆيدە چوڭىدىن –كىچىكىچە ھەممىسى ماڭىلا قاراشلىق ئۆتۈنۈپ قالاي 10000 كويدىگەن ئاز پۇلمۇ ئاداش قايتۇرۇپ بەرسەك (دىگەن پېتى بېرىپ ئاغىنىسىنىك پۇتىغا ئىسلىپ .) مال ئىگىشىدىن ئوغرى كوچلۇك دىگەن مۇشۇدە –مانا ھە.....(دەپ بوپىلاپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلايدۇ........)..(ئا. ئادەم بولسا ب. ئادەمنى تېپىشكە باشلايدۇ .بۇنى كۆرگەن رىژىسسور قاتتىق ھەيران قىلىپ .)

رىژىسسور: توختاپ تۇرىڭە ، سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئويناۋاتىسىز لىكىن ئۇ

زامانلاردا ئاداش –پاداش دىگەن گەپلەر يوقتۇ ئۇنى كىرگۈزۋالماڭ .لېكىن سىزنىڭ بەگگە قەرىز بولغان بىئەپ بىچارە بۇلۇۋاتقان بۇ ھىسسىياتلىرىڭىز ئىنتايىن توغرا ياخشى چىقىۋاتىدۇ ھە ....ياخشى

ب: چىقىدۇ رىژىسسور.سىز مۇ مەندەك باشقىلارغا 10000كوينى بېرىپ ئالالماي بېقىڭە ،ئەلۋەتتە ياخشى چىقىدۇ ....(ھەممە نىمە چىقىدۇ )

رىژىسسور: بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

(بۇ چاغدا ئا. ئادەم بىئەپ بۇلۇپ تۇرۇپ قالىدۇ .)

ب: قاراڭ مەن بۇنىڭغا 10000مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ قۇيۇپ ھازىرغىچە ئالالماي يۈرۈيمەن .

(رىژىسسور بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ .ۋە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ . ئا. ئادەم ب.نى تارتىپ )

ئا: ماۋۇ قىلغىنىڭ قامالاشمىدى .......

ب: ھە .سېنىڭ بەرمىگىنىڭ بەك قامالاشتى ......

ئا: (ئا. ئادەم ئۇنى يانغا تارتىپ بىر نېمىلەرنى دىمەكچى بۇلىدۇ .)ھېي .....

رىژىسسور: مۇئاۋىن رىژىسسور بۇ ياققا كېلىڭ .قاراڭ سىز ئۇچىڭىزدىكى

ئا: كىيىمنى بۇ بالىغا بېرىپ .ئۇنىڭ كىيىمنى سىز كىيىڭ بۇلۇڭ ......

ئا: مەن ئاۋۇ كىيىمنى ...بۇ قانداق بوپ كەتتى .

رىژىسسور: مېنىڭ دىگىنىم ھىساپمۇ –سىزنىڭمۇ ؟بۇلۇڭ چاقان نۇر قالماي قىلىپ بۇگۈن بۇ كۆرۈنۈشنى ئالالماي قالساق ئىشىڭىز چاتاق بۇلۇڭ (رىژىسسور ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ .ئا ۋە ب. لاربولسا بىر –بىرىگە ئا.كىيىمنى سالغاچ ب.غا گەپ قىلىدۇ .)

ئا: بۇگۈن ماۋۇ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما ھە ؟

http://www.uyebook.com

ب: (ئىمقلارنى بىلمەي رىژىسسورغا قاراپ ) رىژىسسور.......(ئا. دەرھال ب.نىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ ۋە ب.نىڭ كىيملىرىنى ئالىدۇ .)

ئا: خەپ توخۇنىڭ پوقى ھېي ....(ب. ئا نىڭ ئەپتىنىڭ يامانىراق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە رىژىسسورغا قارايدۇ .)

ب: رىژىسسور-----( رىژىسسورنىڭ قارىشى بىلەن بىرگە ئا.دەرھال ب.غا دوپپىسىنى كىيگۈزگەن بۇلۇۋالىدۇ ئا. جىلى بۇلۇپ چىككىگە يىتىپدۇ )

رىژىسسور: موئاۋىن رىژىسسور بولىدىمۇ .ھە سىز مۇ كېلىڭ ھازىر مۇنداق گەپ ئىككىڭلار ئەمدى ئالمىشىپ ئويناپىسىلەر مۇئاۋىن رىژىسسور سىز بۇنىڭدىن 10000تەڭگە ئالغان بۇلۇڭ ھە .ئەمدى سىز مۇئاۋىن رىژىسسورغا 10000 تەڭگە بېرىپ تۇرغان بۇلۇڭ .....

ب: بېرىپ تۇرغان ئەمەس ،بەرگەن راس .

رىژىسسور: ھە بولدى ،پەقەت رولىڭلارلام ئالماشتى باشقا ۋەقەلىك يەنە ئۆز پېتىم بۇلىدۇ ،بىلدىڭلارمۇ ؟ (ئا-ب.لار بېشنى لىڭشتىدۇ .) ھەر قايسى ئورۇنلار دىققەت ماۋۇ مەيدان كۆرۈنۈشنى ئەڭ ئاخرقى بىر قېتىم ئالمىز . 1 . 2 . 3. باشلاندى

ب: (ب. ئادەم بەگنىڭ رولىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئا. قاراپ يۇقۇرى ئاۋازدا ) توختاخۇن كىرگەي ...ھەي كىرگەي

ئا: (ئا. ناھايىتمۇ خاپاچىلىقتا ) خوش بېگىم ........

ب: (ب. نىڭ خوشاللىقى ئىچ –ئىچىگە پاتماي قالىدۇ.) قا..قا..قا.... ھېي سىنىڭ مۇيۇندا مۈكۈنىڭ بۇلىدىكەن ھە قەلەندە.......

رىژىسسور: (بوش ئاۋازدا گەپ قىستۇردۇ .) تېكىستىن چەكنەپ كەتمەڭ !

ب: (رىژىسسورغا قارىۋېتىپ ) ھېي بىشىڭنى كۆتىرە .ماڭقارا.ماڭقارا مەندىن ئالغان 10000(تىڭگىلا ) (كوي) (يۇقىرى ئاۋازدا ) يادىلىرىدىمىكىن

رىژىسسور: ئىنتايىن ياخشى ........جاۋاپ بېرىك ؟....

ب: يادىلىرىدىمكىن ؟

ئا.بىچارىلەرچە جاۋاپ بېرىدۇ .) شۇنداق بىگىم .......

رىژىسسور: ھە ياخشى ..........

ب: خوش ،بۇ پۇلنى قاچان قايتۇرلىكىن ؟

ئا: كالا-قويلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ .ئاندىن 4-ئايدا مائاش قوشامش .شۇنىك بىلەن بىراق بېرەي دېگەن بىگىم .

ب:سېنىك كالا-قويلىرىك بولسا مەندىن 10000( پۇل ) قەرىز ئېلىپ ئولتۇردىغان نىمۇ مۇ سەن ھە .سېنى ئۇرۇپمۇ دەردىم چىقمايدۇغۇ مېنىك ئۇرۇپ . ئۇرۇپ .ئازگەپقىل قەلەندەر .بۇگۈن بىر بولسا پۇلنى بەر ،بولمىسا ماۋۇ ھۆججەتكە قول قوي بۇلە......

رىژىسسور: ياخشى ....يالۋۇرۇك ئەمدى .بۇلۇك ......

ئا؛ ئۇنداق قىلمىسلا بىگىم ئۇتۇنۇپ قالاي ...ماڭغا ئازىراق مۆھلەت بەرسلە مەن چوقۇم بىر ئامال قىلىپ بېرىۋېتىمەن ئاخىرقى قېتىم بىر پۇرسەت بېرىك بىگىم

ب.: قاچان ؟

ئا: (يەنە جىم ئولتۇرۋالىدۇ )

ب: بۇياققا كەل دەرھال .ھۆججەتكە قول قوي بولمايدىغان بولسا ....

رىژىسسور: بېرىك ھۆججەتكە قول قويۇك . (ئا. ئادەم بىردەم رىژىسسورغا بىردەم ب.غا قارايدۇ .) (رىژىسسور بىلەن ب ئادەم ئىككىسى توختىماي سۆيلەشكە باشلايدۇ .)

ب: مانا ئالە قەلەمنى ما يەرگە ياز .( دەپ قوينىدىن ئەسلىدىكى ھۆججەتنى ئېلىپ قۇيۇپ .ئۇستەلدىكى ھۆججەتنى ئېلىۋېتىدۇ .ئا بولسا بۇنىڭغا دىققەت

http://www.uyebook.com

قىلماي رىژىسسورغا قاراپ تۇرىدۇ .

رىژىسسور: قول قۇيۇڭ تېز .....

ب: بۇلە .......( ئا . شۇنچىلىك تەسلىكتە ئامالسىز قول قويىدۇ.)

رىژىسسور: ھە ياخشى بولدى .

ب: قا قا قا ...( دەپ كۈلگەن پېتىم ئورنىدىن تۇرىدۇ .) چىم .ئەمدى بولدى .ئەمدى بولدى ....ئالەمە. ماتارىڭنى كىم كەيسە كەيسۇن .(ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى سالىدۇ .) ئالە ماۋۇ دوپپاڭنى ئىشىم ئاخىرى پۈتتى .خەير-خوش مۇئاۋىن رىژىسسور،

رىژىسسور: توختاڭ !!!

ئا: ئاداش توختا-توختا ،يەنە بىر كۆرۈنۈش بار تېخى تۈگىمىدى .

رىژىسسور: شۇنداق ھەي يىگىت

ب: ئاخىرى بار شۇنداقمۇ ؟خوش ئەمدى ئاداش مەن ساڭا بىر پۇرسەت بېرەي مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي ئەگەردە تاپالساڭ فىلىمڭلارنىڭ ئاخىرىغا قاتنىشۋېتەمەن .ئەگەر تاپالمىساڭ ماۋۇ ھۆججەتنى كۆردىڭ ھە ؟ چىم .........

سوئال :ھايۋاناتلار پادىشاھى شىر :تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ پۈتكۈل ھايۋانلارنى يىغىپتۇ لېكىن بىر ھايۋان كېلەلمىگەن قايسى : (بۇ سوئالنى ئاڭلاپ رىژىسسورمۇ تەمتىرەپ تەڭ كىرىشىدۇ .) ( ئا. ئادەم بولسا جاۋاپنى ئويلاپ كىرىشىپ كەتكەن ئىدى .)

رىژىسسور: ھە تاپتىم ...جاۋاپ : بېلىق سۇدا بولغاچقا كېلەممىدى ؟

ب: خاتا.

ئا: جاۋاپ : ( ؟ )

ب: خاتا :جاۋاپ :زىراپە . توڭلاتقۇدا بولغاچقا

http://ilkitap.blogbus.com

كېلەلمىدى .خەير-خوش .( ئىككىسى ھەيران قىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ .)

رېژىسسور: ھەي ...........؟

ئا: ھەي .........؟

# ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

ئېتوت

ئاپتورى: قاھار نىياز

قاتناشقۇچىلار: ساۋۇتجان، ھوشۇرخان، بازار باشقۇرۇش كادىرى، ناتونۇش مېھمان

ۋاقتى: كەچقۇرۇن.

سەھنىدە ساۋۇتجاننىڭ ئۆيى، ھوشۇرخان ساجى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مانتىنغا قىيما قىلىۋاتقاندا، ئېرى ساۋۇتجان سومكا كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇتەئەسسىپ، پىخسىق بىر ئادەم. ھوشۇرخان ئېرىنى كۆرۈپ سەل- پەل ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ھوشۇرخان: كەللىما؟

ساۋۇتجان: (جاۋاپ بەرمەي) كۆپ- كۈندۈزدە چىراقنى يېقىپ قويۇپسەنغۇ؟ توك پۇلنى قېينى ئاپام مەن تۆلەپ بېرەي دېگەنمىتيا؟

ھوشۇرخان: سىرتتا ھاۋا بەك تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۆيگە يورۇق چۈشمەي ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، شۇڭا....

ساۋۇتجان: ئەمدى مەن سېنىڭ ئىچىڭ سىقىلىپ كەتكەنلىكىڭمۇ پۇل تۆلەيمەنمۇ؟ بۇ گەپچە سەن ئەتە قويۇپ سىرتتا شامال چىقىپتىكەن، شۇڭا قورسقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېسەڭ بولامدۇ؟ قانداق قامالاشمىغان گەپ بۇ؟

ھوشۇرخان: خاپا بولمىسىلا دادىسى، مەن ئۆچۈرۈۋېتەي.

http://ilkitap.blogbus.com

ئۇ قوپۇپ چىراقنى ئۆچۈرۋېتىدۇ.

ساۋۇتجان: قانداق بىر كالۋا ئىجاد قىپتىكىن مۇشۇ توك چىراق دىگەن نەرسىنى. كىچىك ۋاقتىمىزدا كونا پاختىدىن پىلىك ئېشىپ، كىرسىنگە چىلاپ قويساق بىر ئويدان يورۇيتتى. بەش موچەنلىك كىرسىن بىر ئاي يېتەتتى. مانا ئەمدى ماۋۇ دەنشى، بىڭشاڭ دىگەن نېمىلىنىك ھەممىسى پۇل دەپلا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان، ھەر ئايدا توك پۇلىغا 20-30 كوي تۆلەيدىغان گەپ. ھە، راست، كۆينەك دەپ غەلۋە قىلىۋاتاتتىڭ، ساڭا كۆينەكلىك ئېلىپ كەلدىم.

ھوشۇرخان: (خۇشال بولۇپ) ۋاي راستما؟ قېنى ئالسىلا كۆرۈپ باقاي!

ساۋۇتجان سومكىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئۇزۇن بىر قىزىل لوزۇنكىنى چىقىرىدۇ. ھوشۇرخان لوزۇنكىنى ئېلىپ ئاچىدۇ. لوزۇنكىغا "ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز" دىگەن خەت يېزىلغان، ھوشۇرخان بۇنى كۆرۈپ لاسسىدە سولىشىدۇ، ۋە لوزۇنكىنى ساجىغا قويۇپ قويىدۇ.

ھوشۇرخان: كۆينەكلىك ئېلىپ بەرسىلە دىسەم مۇشۇنى ئەكەللىما؟ بۇ بىر لوزۇنكىكەنغۇ؟

ساۋۇتجان: ھىي، بۇنىڭدا ئىچ كۆينەكلىك تىكىپ كيسەڭ تازا ئوبدان بولىدۇ. باياتىن دۇكاننى تاقاپ ماڭاي دەپ تۇرسام ياندىكى ئىدارىنىك دەرۋازىۋىنى بۇنى يىغىشتۇرىۋېتىپتىكەن، نېمە قىلىسىز دىسەم، تاشلىۋېتىمەن دەيدۇ. قارىسام بىر ئوبدان رەخكەن. ماڭا بېرىڭلا دەپلا ئېپ كەلدىم.

ھوشۇرخان: (دومسىيىپ) بۇنىڭ ئۈستىدە خەت تۇرسا قانداق كۆينەك تىكىپ كيگىلى بولىدۇ؟ بازاردىن چىرايلىقراق رەخت ئەكىلىپ بېرەمىكىن دىسەم...

ساۋۇتجان: ئىچ كۆينەك دىگەننى ئىچىگە كيىدىغان تۇرساڭ، خەت بارمۇ يوقمۇ كىم كۆرىدۇ؟ بىر ئوبدان ئەكىلىپ بەرسەم كۇرۇك توخۇدەك كوت- كوت- كوت

كوتۇلدايدا ماۋۇ خوتۇن، ھە راست، ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆينەك تىككۈزگەندە ماۋۇ "قارشى ئالىمىز" دېگەن خەت ئالدىڭغا يا كەينىڭگە ئۆدۈل بولۇپ قالمىسۇن جۇمۇ، يان تەرىپىڭگە توغرىلاپ تىككۈز. خەق خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن يەنە.

ھوشۇرخان خاپا ھالدا رەختنى يىغىشتۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: ھە نەق گەپكە كېلەيلى، قانداق مانتا ئېتىۋاتىسەن؟

ھوشۇرخان: قانداق مانتا بولاتتى، يەيدىغان مانتا.

ساۋۇتجان: ماۋۇ يوغانباش خوتۇننى، پىيىز مانتىمۇ، بولدۇرغان مانتىمۇ دەپ سوراۋاتىمەن؟

ھوشۇرخان: سىلى مېنى قاچان پىيىز مانتا ئەت دەپ باققان؟

بولدۇرغان مانتا.

ساۋۇتجان: ھە بوپتۇ، پىيىز مانتىغا گۆش جىق كېتىدۇ، گۆشنى جىق يېسەڭ تېخىمۇ سەمرىپ كېتىسەن، ھېي، ماۋۇ يەرگە بىر مۇنچە بەسەينىڭ قۇلاقلىرىنى تاشلىۋېتىپسەنغۇ؟

ئېڭىشىپ،تېرىپ ئالىدۇ.

ھوشۇرخان: سېسسىپ كەتكەنلىرىنى تاشلىۋەتتىم شۇ.

ساۋۇتجان ؛ مانا ماۋۇنىڭ يىگۈدەك يەرلىرى باركەنغۇ؟ ماڭە قايچىنى ئەچىق.

ھوشۇرخان: نېمە قىلىلا؟

ساۋۇتجان: نېمە قىلاتتىم، سېسىغىنىنى كېسىۋېتىمەن.

ھوشۇرخان قايچا ئېلىپ چىقىدۇ. ھوشۇر بەسەينىڭ سېسىق يەرلىرىنى كېسىشكە باشلايدۇ.

ساۋۇتجان: مانا قارا، مانداق يەرلىرىنى كېسىۋەتسەڭ قالغىنىنى يېگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ قۇلاقلىرىدىن كەم دېگەندە ئىككى مانتا چىقىدۇ، خېمىرىڭنى

ئەچقە كۆرۈپ باقاي.

خوتۇن داسنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئەر خېمىرنى مالتىلايدۇ.

ساۋۇتجان: خېمىرنىڭ قىيماقىدىن سەل چىقكەن، مۇشۇ پېتى مانتا تۈگسەڭ ئىككى مومىلىق خېمىر ئېشىپ قالغۇدەك، بەسەيدىن يەنە بىر قۇلاق تۇغرا، كەممۇ ئەمەس ئارتۇقمۇ ئەمەس دەل 21 تال مانتا چىقىسۇن. بەشنى سەن يەيسەن، سەككىزنى مەن. ئون ئۈچ بولدىما؟ يەتتىنى مېھمان يەيدۇ، يىگىرمە. بىرىسى زاپاس قالىدۇ. تەساددىپىي مېھمان تويماي قالسا جالاپ بېرىمىز.

ھوشۇرخان: مېھمان يەيدۇ؟ ئۆيگە مېھمان كېلەمدا؟

ساۋۇتجان: ھەئە.

ھوشۇرخان: ۋۇي، بۈگۈن كۈن نەدىن چىقتى؟ سىلى ئەزەلدىن بۇ ئۆيگە مېھمان چىقىرمايتتىلىغۇ؟

ساۋۇتجان: مېھماننى كۈتەلىسەڭ چاقىرمامدۇ؟ سەن مېھمان كۈتۈشنى بىلمەيسەن، شۇڭا چاقىرمايمەن.

ھوشۇرخان: تولا تۆھمەت قىلمىسىلا ئادەمگە. قۇشناچىمىزنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان مولالمىنىڭ ئوت- يېشى دەپتىكەن، ماڭا پۇلنى جىق- جىق بەرسىلىۋاغۇ، قانداق مېھمانلىرى بولسا گۈلدەك كۈتۈۋېتىمەن.

ساۋۇتجان: تولا پو ئاتمىغىنا، مېھمان دېگەنۋاغۇ نەچچە خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ كۈتىدىغان نىمە، مەسلەن، قارا ھە، ئەزىز مېھمان، ئادەتتىكى مېھمان، چاقىرغان مېھمان، ئۆزى كەلگەن مېمان، نېپىز مېھمان، قېلىن مېھمان، ئاچ مېھمان، توق مېمان... ساناپ كەلسەك جىق، سەن شۇلارنىڭ ئەمەل- دەرىجىسىگە، خۇي- پەيلىگە، مۇھىمى ساڭا ئېپ كېلىدىغان پايدا- زىيانغا قاراپ كۈتىسەن. مانتا- پولو ئېتىدىغان مېھمان بار، سۇيقاش ئېتىدىغان مهمان بار، چاي بىلەن

گەپكە زورلاپ يولغا سالىدىغان مېھمان بار، چېيىغا ناۋات سالىدىغان مېھمان بار، ناۋات سالمايدىغان مېھمان بار، تۆز يۆتكەپ كەتكۈزىۋېتىدىغان مېھمان بار...

ھوشۇرخان: بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ كىم ئۇ؟

ساۋۇتجان: ئېزىز مېھمان، لېكىن ئامال يوق كۈتىدىغان مېھمان.

ساۋۇتجان: بازار باشقۇرۇشتىكى ئەخمەتجان. ئۇ دائىم دۇكىنىمىزغا كېلىپ ساختا مال باركەن دەپ چاتاق تېپىپ كېتىپ بارىدۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بىلمەپتىمەن، ئۇ ئالدىمىزدىكى بىنادا ئولتۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. مېھمان قىلاي دېسەم ئۇنىمايدىغىنى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتىدىن بېرى سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى، ئۆيۈمگە بىر كىرىپ كەتسىڭىز ئۇكام دەپ كەينىگە كىرىپلاۋالدىم. بۈگۈن ئاخىرى ئۆيگە كىرىشكە ئۇناتتىم.

ھوشۇرخان: دۇكانغا ساختا مال سالمىسىلىغۇ مۇشۇنداق دەككە- دۇككىدە يۈرمەيتتىلە، مۇشۇنداق قىلىپمۇ بىر بىيىپ تىقلىپ كەتمىدۇق. بوپتۇ ئەمدى، لېكىن مىنىڭچە رېستورانىدىلا مېھمان قىلسىلا ئوبدان بولاتتى. ھازىر ھەممە ئادەم مۇشۇنداق قىلىدىغان بوپ كەتتى.

ساۋۇتجان: ماۋۇ گۆش باش خوتۇنىنىڭ گېپىنى، بايا مەن نېمە دەۋاتىمەن، ئۇ مېھمان قىلاي دېگەننى ئاڭلىسا ھېچ يەرگە بارمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستورانىنىڭ تاماقلىرى زەھەردىن قىممەت. ئۇ يەردە بىر قېتىم خەجلىگەن پۇلغا ھۆپپىدە بىر قوينىڭ گۆشى كېلىدۇ، شۇ گۆشنى ئۆيدە ئىككى ئاي يەيمىز، شۇڭا مەن ئاشۇ بوشاڭ، كوشاڭ دېگەن يەرگە ئەزەلدىن كىرمەيمەن.

ھوشۇرخان: توختاپ تۇرسىلا، مەن ماۋۇ مانتىلىنى ئەپچىقىۋېتىپ چىقاي، ھېلى مېھمان كەلسە ئالدىراپ قالىمەن.

ھوشۇرخان داس، قاسقانلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، چىقىدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

ھوشۇرخان: مېھمان كەلسە ئوتنى ياقسىلا بىردەمدە پىشىدۇ.

ساۋۇتجان: ھە بوپتۇ، ماڭا قارا، ئەسكەرنى ئون يىل بېقىش بىر قېتىم جەڭگە سېلىش ئۈچۈن، سېنى مەن نەچچە ۋاقىتتىن نېمىشقا بېقىۋاتىمەن؟ مۇشۇنداق چاغدا خەقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلسۇن دەپ، ھېلىقى توغقانلار ئەكەلگەن قىزا باردۇ؟

ھوشۇرخان: ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى قېزىنى دەملا؟ يەپ ساپ مايلىرى قاپتىكەن، سەل نىخسىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: نىخسىپ قالسا تۇزغا تازا مىلەپ، ئۇستىگە پىياز توغراپ ئىلەشتۇرۇپ ئەپچىقسەن، چاناپدۇ.

ئاۋۇ بىڭشاڭدىكى ئۆپكە ھېسىپچۇ؟

ھوشۇرخان: ئۇنىڭغىمۇ بىر ھەپتە بوپ قالدى، ئەپچىقىپ تاشلىۋېتەي دېسەم يا ئۇنىمايلا.

ساۋۇتجان: مۇشۇنداق دېتى يوق خوتۇن ئەمەسمۇ سەن، مەن بۈنى شۇ مېھمان كېلىدۇ دەپ ساقلاۋاتقان نىمە. لازا ئاچچىقسۇنى تازا ئاچچىق تەڭشەپ، ئۆپكە ھېسىپنىڭ ئۇستىگە قويۇپلا ئەچىقسەن، ئەجەپ ئوخشاپتۇ دەپ يەۋېرىدۇ. قېنى بۈگۈن ھۈنىرىڭنى بىر كۆرىمەنغۇ.

ھوشۇرخان: ھېچنىمە ئېپ بەرمەي ھۈنىرىڭنى كۆرىمەن دەيدىكەنلا، بىرەر نەرسىنى بولسىمۇ بازاردىن يېڭىدىن ئەكىرسەك بولمامدۇ؟

دەل شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىدۇ. ئىشىك چەككىنى ئۆي ئىگىلىرى بىلەن ناتونۇش چاقىرىلمىغان مېھمان، لېكىن ھوشۇرخان بۈنى ھېلىقى ئەزىز مېھمان شۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ساۋۇتجان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۆيگە بىر ئەر كىرىدۇ.

ئەر: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ساۋۇتجان: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام.

ھوشۇرخان: (ئىنتايىن قىزغىن) ۋاي كەلسىلە مېھمان، قېنى تۆۋۈرى ئۆتسىلە.

مېھمان كىلىپ ساپادا ئولتۇرىدۇ ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ.

مېھمان؛ تېنچ- ئامان ئولتۇرۇۋشلا؟

ساۋۇتجان: خۇداغا شۈكرى، بۇ كىمدۇ، ھېچ تونۇيالمايمىنا؟

ھوشۇرخان: (چاي قۇيغاچ) ما ئادەم مېھمان كېلىدۇ دەپ بالدۇر دەپ قويماي، ئەدەمنى تەمترىتىپ، قېنى چاي ئالسىلا.

مېھمان؛ رەھمەت، 3- بىنا 4- قەۋەتتىكى ئۆي مۇشۇ شۇغۇ-ھە؟

ساۋۇتجان: ھەئە، مۇشۇ شۇ

مېھمان: خېلى كەڭتاشا ئۆيكەن، قۇرۇلمىسمۇ بولىدىكەن، نەچچە پىگىپاڭ؟

ساۋۇتجان: سەكسەن سەككىز.

مېھمان: بولىدىكەن، بولىدىكەن.

ئۇنىڭغىچە ھوشۇرخان ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ، قىزا، ئۆپكە – ھېسىپلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ساۋۇتجان بۇنى كۆرۈپ تىتىلداپ تۇرالماي قالىدۇ.

ھوشۇر: (ئۆزىگە) ئەستا، نېمىش قىپ يورۇيدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن،

ھوشۇرخان: قېنى ماۋۇ ئۆپكە- ھېسىپتىن، قىزىدىن تېتىپ باقسىلا، ۋۇي، چايلىرىغا ناۋات سالماپتىمەنغۇ، قېنى ئالسىلا.

مېھمان: ماقۇل رەھمەت، (قېزىنى يېيىشكە باشلايدۇ)

ھوشۇرخان گەپ قىلغاچ مېھماننىڭ پىيالىسىگە يوغان بىر تال ناۋاتنى سېلىشۋېتىدۇ. ساۋۇتجان بۇنى كۆرۈپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالىدۇ ۋە خوتۇننى دىقمىرلاپ بىر چەتكە تارتىدۇ.

ساۋۇتجان: بۇ ئەمەس.

http://ilkitap.blogbus.com

ھوشۇرخان: نىمە ئەمەس؟ قىزا بىلەن ئۆپكە- ھېسىپ شۇ. تولا ماڭا ئىش ئۆگەتمىسلە، مېھمان كۆتەلمەيسەن دەيدۇ تېخى، قانداق كۆتىدىكەنمەن بۇگۈن بىر كۆرۈپ باقسۇن. (مېھمانغا) ماۋۇ ئادەمنى بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ كېلەرمىكىن دېسەم قۇرۇقلا كەپتۇ. (ئېرىگە) بولمىسا ھازىر بولسىمۇ دىككىدە چىقىپ توخۇدىن بىرنى ئەكىرەملىيا؟ گاڭ- گۇڭلا داپەنجى قىلاي.

ساۋۇتجان: ھە... بۇ... بۇ كەمگىچە توخۇلار قونداقتا چىقىپ ئۇخلاپ بولدىمىكىن خوتۇن، بولدى ئۇلارنى ئويغاتمايلى.ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مېھماننىڭ چىرايىدىن توخۇ گۆشى بىلەن خۇشى يوقلۇقى بىلىنىپلا تۇرىدۇ، شۇنداققۇ مېھمان- ھە!؟

مېھمان: ھە... بۇ... ھە...ھە... شۇنداق...شۇنداق.

ھوشۇرخان: ئەمسە ماۋۇ بار نەرسىلەردىن بولسىمۇئالسىلا، بولمىسا مەن تەخسىلىرىگە ئېلىپ قوياي.

مېھماننىڭ تەخسىسىگە تاماق ئېلىپ قويىدۇ.

مېھمان: بولدى رەھمەت، ئۆزەم ئالاي.

مېھمان قىزا ئۆپكىلەرنى مالاچىلتىپ توختىماي يېيىشكە باشلايدۇ. ساۋۇتجان ئاچچىقىدا سارالڭ بولاي دەپ قالىدۇ.

ھوشۇرخان: ھوشۇرقارى مانتا پىشىپ قالدى، قاسقاننى ئاچايمۇ؟

ساۋۇتجان: ئاغزىڭنى يۇم، بەدبەغ!

ئايال نېمە بولغاننى بىلمەي نېرى قاچىدۇ. ساۋۇتجان چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

ساۋۇتجان: ھى... ھى... ئاستىراق يېسىلە، قىزا گاللىرىدا تۇرۇپ قالمىسۇن، سىلى... سىلى... مەن... مەن سىلىنى تونۇيالمىدىمغۇ؟

مېھمان: (نەرسە چاينىغاچ) سىلى مېنى تونۇمايلا، مەن مۇشۇ قورۇنىڭ ئالدىغا

چاپلاپ قويغان 3- بىنانىڭ 4- قەۋەت 1- ئۆينى ساتىمىز دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ، مۇشۇ ئۆينى ئالايمىكىن دەپ كېلىشىم،

ساۋۇتجان: ھە... مانداق ئىشمىتى، سىلى خاتا كىرىپ قاپلا، سېتىلىدىغان ئۆي بۇ ئەمەس، ماۋۇ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆي.

مېھمان: ۋۇي،ۋۇي شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى مۇشۇ ئۆيمىكىن دەپتىمەن. ئەستا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ- دە! مەن چىقاي، ئامىن!

مېھمان ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: شۇنداق ئۇقۇشماسلىق بولدى، ناھايىتى چوڭ ئۇقۇشماسلىق چىقامىلا؟ ماقۇل ئەمىسە يۈزىنى قىلىن مېھمان...

مېھمان: نېمە دىدىلە؟

ساۋۇتجان: ياق،ياق ھېچنىمە دىمىدىم. ماقۇل خوش ئەمىسە.

ساۋۇتجان مېھماننى ئۇزىتۇپ بولۇپ، كەينىگە تېزلىكتە ئۆرۈلۈپ بېرىپ، پىيالىدىكى ناۋاتنى سۈزۈۋالىدۇ. ناۋات ئېرىپ يېرىمى قالغان.

ساۋۇتجان: ئېسىت ناۋات، ئېسىت ناۋات، ئېرىپ يېرىمىڭ قاپتۇ ئەمەسمۇ. ھوشۇرخان!

ھوشۇرخان يۈگرەپ كېلىپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: ماۋۇ ئۇدۇل قوشناڭ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

ھوشۇرخان: توۋا خۇدايىم، ئۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بولماقچى.

ساۋۇتجان : ئەمىسە نىمىشقا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېھمانغا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟ تېخى لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئالسىلا دەپ قىزا بىلەن ئۆپكە ھېسپىنى تەخسىسىگە ئېلىپ قويىۋاتىسىنا؟ مەن بولمىسام چايناپ ئاغزىغا سېلىپ قويىامتىڭ؟

ھوشۇرخان: مەن تېخى سىلى چاقىرغان ھېلىقى مېھمان شۇمىكىن دەپتىمەن.

هوشۇر: هېي، مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ساراڭ! مەن ئەمەس دېدىمغۇ! مېنىڭ قاش- قاپىقىمغا قاراپ ئىش تۇتمامسەن!؟ نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن ئادەمگە بار نەرسەڭنى يىگۈزۈپ بولدۇڭ، ئەمدى ئەخمەتجان كىرسە قانداق قىلىمىز؟ گەپ قىلە~!

ساۋۇتجان خوتۇنىنى تىللىغاچ باشلىرىغا، بۇرۇنلىرىغا نوقۇيدۇ، قۇلاقلىرىنى سوزىدۇ، هوشۇرخان مىشىلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ساۋۇتجان: گەپ قىلمايسەنغۇ؟ توۋا قىلامسەن، خېتىڭنى ئالامسەم؟

هوشۇرخان: ئاغزىلىرىنى ئۇشۇتمىسىلە دادىسى، مېنىڭ ئاجراشقىم يوق، هۇ... هۇ...

ساۋۇتجان: خەپ، مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا ئەتىلا خېتىڭنى بەرمىسەم.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىدۇ. ساۋۇتجان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئەخمەت كىرىپ كېلىدۇ، ساۋۇتجان جىددىيلىشىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىدۇ.

ئەخمەت: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساۋۇتجانكا، تېنچ- ئامان تۇرلىمۇ؟

ساۋۇتجان: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى كەلسىلە، يۇقۇرى ئۆتسىلە، هوشۇرخان! مېهمان كەلدى، چاي قويۇڭلا!

ئەخمەت كېلىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. هوشۇرخان كۆزىدىكى ياشنى سۈرتىدۇ، لېكىن سالام قىلماي، قاپىقىنىمۇ ئاچماي، چاي قويۇپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا دوققىدە قويۇپ قويىدۇ. ساۋۇتجان ئەخمەتنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، خوتۇنىغا پىچىرلايدۇ.

ساۋۇتجان: تېز بول، چايغا ناۋات سال.

هوشۇرخان: سالمايمەن تازا.

ساۋۇتجان: ئەمسە ناۋات نەدە؟ ئۆزەم سالاي. 1

هوشۇرخان: تاڭ، نەدىكىن.

ئەخمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

ئەخمەت: بولدى ھېچقىسى يوق، مەن ناۋات يىمەيمەن.

ساۋۇتجان: ئەمىسە چاي بولسۇ ئىچكەچ تۇرسىلا، ھى... ھى...

ئەخمەت چاي ئۇتىلايدۇ، ساۋۇتجان خوتۇننى يەنە دىقمىرلايدۇ.

ساۋۇتجان: ئەمىسە ئاۋۇ قىزا بىلەن ئۆپكە- ھېسىپنىڭ قالىننى بولسىمۇ...

ھوشۇرخان: ئۇ نەرسىلەرنىڭ يىگۈدەك يېرىنى يەپ بوپتۇ، قالغىننى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم.

ساۋۇتجان: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ھوشۇرخان: ئەتە خېتىمنى بېرىدىغان بوللىغۇ، قانداق قىلسىل مېنىڭ نىمە كارىم...

ساۋۇتجان: ئەستەغپۇرۇللا، نىمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن... ھېي، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكەي دەمسەن؟! ئەخمەت: ساۋۇتجانكا، نىمە دېيىشىۋاتىسىلە؟ مايەگە كىلىپ ئولتۇرمامىلا؟

ساۋۇتجان مېھماننى ئىسگە ئىلىپ دەرھال يۈگرەپ كىلىدۇ.

ساۋۇتجان: ھى... ھى... ماۋۇ خوتۇن پاخلان گۆشى سالايمۇ ياكى داپەنجى قىلايمۇ دەپ كەچكىچە سوراۋىرىدۇ... مەن كەچ بولغاندىكىن مانتىلا ئەت شۇ ياخشى بولىدۇ دىيدىم. ھى... ھى...

ئەخمەت: بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، مىنىڭ قورسىقىم توق، كىرمەي دىسەم سىلى مۇھىم ئىش ئىدى دىدىلە، قولۇم- قوشنىكەنمىز، مىنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ قالمىسۇن دەپلا كىرىشىم، قىنى دىسىلە، نىمە ئىشتى؟

ساۋۇتجان: كىرگەنلىرى بەلەن بوپتۇ، بولىسا راستىنلا يامانلاپ قالاتتىم، ئاۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ئاۋال بىر تاماق يەيلى، ئاندىن كىيىن دىيىشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز. ھوشۇرخان، تاماق پىشقان بولسا ئەپچىقىڭلا.

ئەخمەت: ۋۇي، ئىس پۇراۋاتىدۇ، بىرەر نەرسە كۆيىدىمۇ نېمە؟

ساۋۇتجان: (بۇرنىنى تارتىپ بىقىپ) ۋۇي، مانتا كۆيگەن ئوخشىمامدۇ؟ هوشۇرخان!

هوشۇرخان: نېمە؟

ساۋۇتجان: ئىس پۇراپ كەتتى، قازاننىڭ سۈيى تۈگىگەن ئوخشايدۇ، تېز قاسقاننى ئېچىڭلا!

هوشۇرخان: ئاچمايمەن، ئۆزلىرى ئاچسىلا.

ساۋۇتجان: ئەستەغپۇرۇللا، ماۋۇ خوتۇننى، جېنىم خوتۇن، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەي تېز مانتىنى ئەپچىقىڭلا!

هوشۇرخان: ئەپچىقمايمەن تازا، بايام ئەپ چىقاي دىسەم تىللاپ كەتتىلىغۇ، مېنى سىناپ باققىلى شۇنداق دەۋەتىدۇ ھەقاچان بۇ ئوغرى.

ساۋۇتجان: ۋاي ئۇنداق ئەمەس، راست دەۋاتىمەن، ئەستا...

هوشۇرخان: قانداق قىلسىلا قىلسىلا، مېنىڭ كارىم يوق.

هوشۇرخان ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەخمەت؛ قانداق خەق بۇ، نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ، هاي ساۋۇتجانكا، مەن كىرىپ يەڭگىمىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى بولغاي، مەن چىقاي.

ساۋۇتجان: (جىددىيلىشىپ) ۋاي ياق، ماڭا ئەكىلەۋاتىدۇ، بۇ خوتۇننىڭ مۇشۇنداق ئوماق قىلىقلىرى بار، ئولتۇرسىلا.

ئەخمەت: بەك كۆيۈك پۇراپ كەتتى، ھېلى ماۋۇ ئۆيگە ئوت كەتمىسۇن جۇمۇسىلا، ئۆھۆ... ئۆھۆ...

ساۋۇتجان: مەن ئاشخانىغا كىرىپ چىقاي، جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ھە!

ئۆھۆ... ئۆھۆ... (چىقىپ كېتىدۇ)

ئەخمەت: ئەسلىدە بۇ ئۈيگە كىرمىسەمۇ بوپتىكەن، قارىغاندا مۇھىم گېپى باردەكمۇ قىلمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا چىقاي.\

شۇ چاغدا ئاشخانا تەرەپتىن تاراڭ- تۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ئەسلىدە قازان قىزىپ يېرىلىپ كەتكەن، ئەخمەت چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ

ئەخمەت: ۋاي نېمىش بولدى؟

ساۋۇتجان: ھە شۇ ... مانتا پىشىپ يېرىلىپ كەتتى، چوڭ ئىش يوق.

ئەخمەت: بولدى خوش، مەن چىقاي.

ئەخمەت ماڭىدۇ، ساۋۇتجان ئاشخانىدىن يۈگرەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا- قۇرۇم سۇۋىشىپ كەتكەن، قولىدا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر تال مانتا.

ساۋۇتجان: ۋاي توختىسىلا، سىلىنى دەپ مانتا ئەتكەن، قازان قىزىپ يېرىلىپ كەتتى، لېكىن خاتىرجەم بولسىلا 21 تال مانتىنىڭ ھەممىسى ساق سالامەت.

ئەخمەت: نېمە دەيدىغانىدۇ ماۋۇ ئادەم، بولدى رەھمەت خوش. );

ساۋۇتجان: ۋاي ماۋۇ خوشاڭدىن بىر تال يەپ كەتسىلە، ئۇستىنى پىچاق بىلەن قىرىۋەتسەملا بولاتتى...

ئەخمەت: بولدى، بولدى قىلسىلا، تازا ئوبدان مېھمان بولدۇم، كېيىن كۆرشەيلى خوش.

ئەخمەت ئۇنىڭ توسقىنىغا قارىماي چىقىپ كېتىدۇ. ساۋۇتجان بىردە ئىشىككە، بىردە قولىدىكى كۆيگەن مانتىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن بىردىنلا خوتۇنى ئېسىگە كېلىپ توۋلايدۇ.

ساۋۇتجان: ھوشۇرخان! ھاي ھوشۇرخان! ۋوي، ماۋۇ ماۋۇ خوتۇن ئاپىسىنىڭگە يامانلاپ كەتتىمۇ نېمە... ھاي ھوشۇرخان!

ئۇ توۋلىغىنىچە سەھنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

«پۇلۇمنى بېرىۋەت»

(شۇ ناملىق ئېتوتنىڭ سېنارىيىسى)

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم راخمان

رېژىسسور: جۇرئەت ئابدۇۋاپىت

سەھنىدە رېژىسسورنىڭ يۆلەنگۈچ ئورۇندۇقى، بىر دانە تېلېۋىزور، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر يوغان سۇپا، گىلەم، بىر تال كىچىك جوزا، قەدىمىي سىياھ قۇتىسى ۋە بىر تال ياغاچ قەلەم.

رول لاردا:

رېژىسسور – راھىلە ۋەلى ئاباكوف

ئا مۇئاۋىن رېژىسسور – ئەنۋەر ئابلىز

ب ئارتىس – ئابدۇرېھىم راخمان

سەھنىگە مۇئاۋىن رېژىسسور لىككاڭشىپ مېڭىپ چىقىپ توختايدۇ، كەينىدىن ئارتىس يەنى مۇئاۋىن رېژىسسورنىڭ دوستى مېڭىپ كېلىپ يېنىدا توختايدۇ. مۇئاۋىن رېژىسسور باشلىرىنى تولغاپ گالىلىرىنى قىرىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن

دوستى يۇگۇرۇپ چىقىپ مىنېرال سۇيىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ – دە، مۇئاۋىن رېژىسسورغا تەڭلەيدۇ.

مۇئاۋىن رېژىسسور كەمسىتكەندەك قىلىقلارنى قىلىدۇ.

ب: ئاداش مانىڭغا قول قويۇۋەتسەڭ بوپتىكەن؟

ئا: ۋاي چىشىمغا تەگمەي تۈرە ۋاي .....

ب: يەنە بىر قېتىم دەيمەن مانىڭغا قول قويۇۋېتە دەۋاتىمەن

ئا: (بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا قارىۋېتىپ)

سەتلەشمىگىن – بىر مۇنچە ئادەم تۇرسا نېمانداق قىلىدىغانسەن،

ئەسسالامۇئەلەيكۇم – ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مېھمانلار، نورۇز بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!!!

ب ئادەم: (ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارغا قارىۋېتىپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

ئاداش، ئۇنداق قىلما، مانىڭغا قول قويۇۋەت بولامدۇ؟

ئا: ۋاي- ۋۇي، ھىي، نېمانداق رودۇپايىدەك نېمىسەن ھىي ... .

ب: ھىي ئاداش، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ سەنمۇ رودۇپاي بوپ قالاتتىڭ ئاداش، مەن ساڭا 10000 كوي پۇلنى بەرگىلى قاچان ئويلاپ باقە؟! 1 ئاي بولدى، 1 ئاي، ھىي، بوپتۇ پۇلنىغۇ بەرمە بوپتۇ، ئەمدى ماۋۇ ھۆججەتنى تەييار يېزىپ ئەكېلىپ ئىمزايىڭنى قويۇۋەت دېسەممۇ ئۇنىمايسىنا، مەقسىتىڭ نېمە؟

ئا ئادەم: قارا ئاداش، مەن پۇلۇڭنى بەرمەيمەن دېمىدىم، چوقۇم بېرىمەن. ماۋۇ ھۆججىتىڭگىمۇ قول قويمايمەن، دېمىدىم، چوقۇم قويىمەن. بۈگۈن قول قويسامۇ قويىمەن، قويمىسامۇ قويىمەن شۇنداققۇ؟ دېمەك: بۇ پۇلنى بەرسەممۇ بېرىمەن، بەرمىسەممۇ بېرىمەن شۇنداقمۇ؟ moF !ts/j

ب ئادەم: قارا ئاداش، 10000 يۈەن پۇل دېگەن ئاز پۇلمۇ ئاداش، ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس، دېمەك مەن بۇ پۇلنى چوقۇم بېرىمەن، سەن چوقۇم ئالىسەن، ئالماي قويمايسەن، دېمەك پۇل بولمىسا بېرەلمەيمەن، سەنمۇ ئالالمايسەن شۇنداقمۇ؟

ب ئادەم: ۋاي – ۋۈي، قۇمغۇ سەن هوي قۇم .... (چىك – چىك)

ئا ئادەم: ماڭا قارا، ئەمدى پۇلنىڭ گېپىگە كەلسەك قارا، دېمەك؛

ب ئادەم: توختا .. توختا ... توختا ... هېي ئەتىگەن ياقى سەن پۇلنىڭ گېپىنى قىلماي ئېغىلدىكى ئېشەكنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانمۇ هېي؟

ئا ئادەم: توختا ... توختا ... .

ب ئادەم: توختىغىلى يېرىم كۈن بولدى، قىلە گېپىڭنى .....

ئا ئادەم: ماقۇل، ماقۇل، مانداق گەپ بۇگۈن مۇشۇ يەردە بىر فىلىم ئىشلىمەكچى ياق چىقماقچى. شۇڭا ئۇلار ماڭا بىر مۇنچە پۇل بەرمەكچى. مەن بۇ پۇلنى ئېلىپ نېمە ئىش قىلىمەن؟ سىنىڭ پۇلۇڭنى قايتۇرىمەن. نېمە دەپ قايتۇرىمەن؟

ب ئادەم: مەندىن ئالغاندىن قايتۇرىسەندە.

ب ئادەم: هەببەللى، شۇڭا قايتۇرىمەن.

دېمەك ئاداش هازىر سىنىڭ بۇ ئىشىڭ مۇهىم ئەمەس، ئادەم تېپىش مۇهىم ئادەم... بۇ ئادەم تېپىلسا ماۋۇ مەيدان كۆرۈنۈشنى چاققانىراق ئېلىۋەتسەك، ماۋۇ فىلىممۇ تېزرەك تۈگىسە، مەنمۇ تېزرەك پۇلنى ئېلىپ، ساڭا بېرىۋەتسەم دەيمەن ئاداش!

ئەگەردە ئادەم تاپالمىسام دېمەك بۇ كۆرۈنۈشنى ئالالمايمەن، بۇ كۆرۈنۈشنى ئالالمىسام.........

ب ئادەم: پۇلنى ئالالمايسەن؟..........

ئا ئادەم: پۇلنى ئالالمىسام........

ب ئادەم: ماڭا بېرەلمەيسەن........

ئا ئادەم: ھەببەللى .........

ب ئادەم؛ قوپە ..... لاتىغلاپ (ھېي سەن بۇنداق گەپتىن نەچچىنى دەپ بولدۇڭ؟ نەچچە كىنو ئىشلەپ بولدۇڭ؟ بىرىمەن دەپ قانچە قېتىم دەپ بولدۇڭ؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، بۈگۈن مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ سەن كىنونى ئىشلەپ بولساڭ پۇلنى ئېلىپ ئاندىن كېتىمەن. مەن ساڭا دەپ قوياي.)

(دەل شۇ چاغدا ئا ئادەمنى يانفونى سايرايدۇ)

ئا ئادەم: ۋەي... ۋەي... رېژىسسور ھە مەن مانا مانا ھازىرلا بارىمەن. مانا – مانا ....

(تېلېفوننى قويىدۇ) ئاداش مۇنداق قىلايلى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە سەن ماڭا ماسلىشىپ بەرسەڭ بۈگۈنكى بۇ كۆرۈنۈشنى تۈگىتىۋېتەيلى، قانداق، ئاندىن مەن پۇلنى ئېلىپ پۇلۇڭنى بېرىۋېتەي. بىللە ئوينىشىپ بەرگىن ئاداش قانداق؟

ب ئادەم: ماڭ – ماڭ مەن رول ئويناپ باقمسام يا، ئويناشنى بىلسەمۇ ئويناپ بەرمەيمەن.

ئا ئادەم: ئۇنداق بولسا مەن ھازىر بازارمۇ – بازار، كوچىمۇ – كوچا، مەھەللىمۇ – مەھەللە ئايلىنىپ ئادەم تېپىپ كەلمىسەم بولمايدۇ ئاداش بولمىسا پۇلۇڭنى قايتۇرالمايمەن قارا، ئۆتە ماياققا ئادەم تاپاي.

ب ئادەم: سەن ئادەم تېپىپ بولغۇچە يۇرەمدىم كەينىڭدىن، ماڭە ۋاي....

ئا ئادەم: ئاداش ئوغۇل بالىمۇ؟

ب ئادەم: ھەئە ...

ئا ئادەم: ئۇنداق بولسا ئاداش مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي، تاپالىساڭ بولدى ماۋۇ ھۆججەتكە قول قويۇپ بېرەي، ئەگەردە تاپالمىساڭ سەن ماڭا ماسلىشىپ ماۋۇ

رولنى ئوينىشىپ بېرىسەن، تاللا ....

ب ئادەم: (بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ) موللا تاپقاق بولمىسام مەن يا ياق ..... Â

ئا ئادەم: ئاداش بولدى مېنى ئاۋارە قىلماي يولنى بوشات، ۋاقتىم ئازقالدى. مەن دەرھال ئادەم تاپمىسام بولمايدۇ ... ئۆتە ماياققا ....

ب ئادەم: دەپباقە – ھە بولدى دەپباقە .. ئاڭلاپ باقاي .

ئا ئادەم: ھېساب ئەمسە ھە؟ پىلنى توڭلاتقۇغا سېلىش ئۈچۈن قانچە باسقۇچ كېتىدۇ؟ باشلاندى ....

(ب ئادەم سوئالنى ئاڭلاپلا ھېسابلاشقا باشلايدۇ)

ب ئادەم: جاۋاب؛ ھە! توختا ... ھىم... مانداقچۇ، ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى سويۇپ، پارچىلاپ، سېلىپ ... ھە توغرا 4 باسقۇچ كېتىدۇ.

ئا ئادەم: خاتا، 3 باسقۇچ، ئاچىسەن، تىقىسەن، ياپىسەن. سوئال؛ زىراپىنى سېلىش ئۈچۈن قانچە باسقۇچ كېتىدۇ؟

ب ئادەم: (قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ) 3 باسقۇچ، ئاچىسەن، تىقىسەن، ياپىسەن.

ئا ئادەم: خاتا، 4 باسقۇچ، ئىشكىنى ئېچىپ، پىلنى ئېلىۋېتىپ، زىراپىنى تىقىپ، ياپىسەن، تامام.

(ب ئادەم گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالىدۇ. رېژىسسور ياندىن چىقىدۇ)

رېژىسسور: ھە قانداق قىلدىڭىز؟ تاپتىڭىزمۇ؟ ئەتىگەندە ئارتىس تېپىپ كېلەي دەپ چىقىپ كېتىپ كېلىشىڭىز ھازىر، بۇنداق قىلسىڭىز بۇ فىلىمنى قانداق ئىشلەپ بولغىلى بولىدۇ؟ مۇئاۋىن رېژىسسور ۋاقىت، ۋاقىت، ۋاقىت كۆز قارىشىڭىز بولۇشى كېرەك ....

ئا ئادەم: شۇنداق رېژىسسور، مەن ئەتىگەندە گۇرۇپپىدىن ئايرىلغان پېتى

http://www.uyebook.com

مەھەللىمۇ –مەھەللە ، تار كوچىمۇ – تار كوچا، پىرقىراپ يۈرۈپ پۈتۈم ئۆزۈلۈپ قالاي دېدى قاراڭ!

رېژىسسور: ھە بولدى، نەق گەپنى قىلدىڭ !

ئا: رېژىسسور .......... تاپتىم مانا بۇ مېنىڭ ئاغىنەم ئىسرائىل نۇرغۇن فىلىملەردە رول ئوينىغان پېشقەدەم ئارتىس ئۇرامسىز، چاپامسىز جىملا تۇرىدىغان گۆي دە بۇ.

رېژىسسور: ھە بوپتۇ، ماۋۇ مەيدان كۆرۈنۈشىنىڭ ۋەقەلىكىدىن خەۋەر تاپتىڭمۇ؟

ئا: ھازىرلا، بىردەمدە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن رېژىسسور.

رېژىسسور: تېزرەك بولۇڭ مۇئاۋىن رېژىسسور ۋاقىت ۋاقىت ....

(مۇئاۋىن رېژىسسور ب ئادەمگە بىر تەرەپتىن ۋەقەلىكنى چۈشەندۈرگەچ يەنە بىر تەرەپتىن تەييارلانغان رولدىكى كىيىملەرنى كىيدۈرۈشكە باشلايدۇ)

ئا: ماۋۇ كىيىمنى كىيە ھە.. قار ئادىشىم بۇ مەيدان ۋەقەلىك مۇنداق: سەن مەندىن 10000 تەڭگە پۇل قەرز ئالغان لېكىن سەن تېخى قايتۇرمىغاچقا مەن سېنى چاقىرتىپ كېلىپ، پۇلنى سۈيلەمەكچى، لېكىن سەن پۇلنى بېرەلمىگەچكە، مەن سېنى ھۆججەتنى بىرنى يېزىپ بېرىشكە چاقىرتتىم، بىلدىڭمۇ؟

(بۇ گەپلەرنى قىلغان مۇئاۋىن رېژىسسور كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلايدۇ)

سەن بىچارە بولۇپ تۇرۇپ كېتىسەن، ئىتتەك ھجىيىپ دىگەنەدەك ۋەقەلىك ئاداش، بىر چاڭ چىقىرىۋېتەيلى ئاداش قانداق؟

ب: توختا مەن ساڭا قەرز تېخى بىچارە تۇرۇپ كېتىمەن دەپ قوي...

ئا: ياق .. ياق.. ئاداش ماۋۇ فىلىمدىكى ۋەقەلىك مۇشۇنداق يېزىلغان ئاداش.

رېژىسسور: ھە بولدىمۇ؟ باشلامدۇق ، باشلىمامدۇق؟

ئا: ھە بولدى، بولدى، باشلايلى رېژىسسور... ئاداش ئۇنداق بولسا مەن سېنى چاقىرىمەن، شۇنىڭ بىلەن باشلاپ كېتىمىز جومۇ، داۋاي....

رېژىسسور: ئارتىس تەييار بولدى، ھەر قايسى تارماقلار دىققەت . 1 .. 2 ... 3 ...

ok

ئا: توختاخۇن كىرگەي.....

(ب ئادەم ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك جىملا تۇردۇ)

ئا: توختاخۇن كىرگەي....

(ب ئادەم ئا ئادەمگە بىر قارىۋېتىپ، يەنە ئالدى كەينىگە قارىۋېتىپ جىملا تۇردۇ)

رېژىسسور: قانداق گەپ بوپكەتتى بۇ ھە؟!

سىزگە دەۋاتىمەن نىمۇ، موگودەك تۇرىسىزغۇ، چاقىرغاندىن كېيىن، خوش بېگىم دەپ كىرىپ، تىزلىنىسىز، يالۋۇرىسىز. ئۇقتىڭىزمۇ؟ دىققەت، يەنە بىر قېتىم

ئا: ئاداش، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

ب: كىمۇ توختاخۇن دېگەن؟ (بىر ئاز خاپا بولغاندەك)

ئا: سەن كالۋا ... فىلىمدىكى ئىسمىڭ... بولە چاققان..

رېژىسسور: 1.. 2 ... 3.. باشلاندى.

ئا: توختاخۇن كىرگەي.....

ب: خوش بېگىم.

ئا: مەن سىلىگە بېرىپ تۇرغان 10000 تەڭگە يادىلىرىدىمىكىن؟

(نېمە قىلارىنى بىلەي قاراپ تۇرىدۇ، ئا ئادەم ھە دەپ ئىشارەت قىلىدۇ)

ب: ھە شۇنداق بېگىم، شۇنداق بېگىم...

ئا: ئۇنداقتا بۇ 10000 مىڭ تەڭگىنى قاچان قايتۇرالىسىز؟

ب: (سەل تۇرۇۋېلىپ) مازلاشمىغىنە، مازلاشمىغىنە، ھېي.. كىم ؟ كىمگە بېرىپ تۇردى؟ ئويلاپراق گەپقىلە؟

رېژىسسور: ھەي، ھەي.. سېنارىيىدە نەدە ئۇنداق گەپ بولىدۇ، سېنارىيىدە يېزىلغان گەپنى قىلمامسىز ھە!

ئا: ئاداش، باياتىن مەن ساڭا دەپ بەرگەن گەپلەرنى دە، ئارتۇق گەپلەرنى قىلما! ئۇقتۇڭمۇ؟

بولە، يەنە بىر...

رېژىسسور: يەنە بىر كېلەيلى! 1.. 2.. 3.. باشلاندى!

ئا: توختاخۇن كىرگەي!

ب: خوش بېگىم!

ئا: ئۆزلىرى مەندىن ئالغان ھېلىقى مەندىن ئالغان 10000 تەڭگە يادىلىرىدىمىكىن؟

ب: شۇنداق بېگىم، شۇنداق.

ئا: ئۇنداقتا 10000 تەڭگىنى قاچان قايتۇرىلىكىن؟ توختاخۇن؟

ب: كالا قويلارنى سېتىپ، پۇل كىرگەندە بېرەي دېگەن بېگىم!

ئا: (ئۆستەلگە قاتتىق بىرنى ئۇرىدۇ) ماڭا قايلىسىلا توختاخۇن ھازىر ئۇرۇق تۇغقانلارمۇ پۇل بەرسە ھۆججەت يېزىپ بېرىشىدۇ. مەن سىلى بىلەن ھېچ ئۇرۇق – تۇغقاندارچىلىق يوق تۇرۇپ 10000 تەڭگە بېرىپ ياردەم قىلدىم.ئەمدىلىكتە بۇنداق دېگەنلىرى نېمىسى ھە! ۋاقتىدا قايتۇرسىلا ياخشى بۇلارمىكىن بولمىسا قازىخانىدا كۆرۈشۈپ قالمايلى يەنە ھە!

رېژىسسور: ھە ياخشى بۇلاۋاتىدۇ ..........داۋاملىق .......بۇلۇڭ !!!.....

ب : بېگىم .... ئۇنداق قىلمىسىلا ئۆتۈنۈپ قالاي ئۆيدە چوڭدىن –كىچىككىچە ھەممىسى ماڭغىلا قاراشلىق ئۆتۈنۈپ قالاي 10000 كوي دېگەن ئاز پۇلمۇ ئاداش قايتۇرۇپ بەرسەك (دېگەن پېتى بېرىپ ئاغىنىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ .) مال

ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك دېگەن مۇشۇدە –مانا ھە.....(دەپ بولۇپلا ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلايدۇ........)..(ئا. ئادەم بولسا ب. ئادەمنى تىپىشكە باشلايدۇ .بۇنى كۆرگەن رېژىسسور قاتتىق ھەيران قىلىپ .)

رېژىسسور: توختاپ تۇرۇڭە ، سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئويناۋاتسىز لېكىن ئۇ زامانلاردا ئاداش –پاداش دېگەن گەپلەر يوققۇ ئۇنى كىرگۈزۈۋالماڭ .لېكىن سىزنىڭ بەگكە قەرز بولغان بىئەپ بىچارە بولۇۋاتقان بۇ ھېسسىياتلىرىڭىز ئىنتايىن توغرا ياخشى چىقىۋاتىدۇ ھە ....ياخشى

ب: چىقىدۇ رېژىسسور.سىز مۇ مەندەك باشقىلارغا 10000كوينى بېرىپ ئالالماي بېقىڭە ،ئەلۋەتتە ياخشى چىقىدۇ ....(ھەممە نېمە چىقىدۇ )

رېژىسسور: بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

(بۇ چاغدا ئا. ئادەم بىئەپ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ .)

ب: قاراڭ مەن بۇنىڭغا 10000مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ قۇيۇپ ھازىرغىچە ئالالماي يۈرىمەن .

(رېژىسسور بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ .ۋە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ . ئا. ئادەم ب.نى تارتىپ )

ئا: ماۋۇ قىلغىنىڭ قاملاشمىدى .......

ب: ھە .سېنىڭ بەرمىگىنىڭ بەك قاملاشتى ......

ئا: (ئا. ئادەم ئۇنى يانغا تارتىپ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولىدۇ .)ھېي ..... Â

رېژىسسور: مۇئاۋىن رېژىسسور بۇ ياققا كېلىڭ .قاراڭ سىز ئۇچىڭىزدىكى

ئا: كىيىمنى بۇ بالىغا بېرىپ .ئۇنىڭ كىيىمنى سىز كىيىڭ بۇلۇڭ ......

ئا: مەن ئاۋۇ كىيىمنى ...بۇ قانداق بوپ كەتتى .

رېژىسسور: مېنىڭ دېگىنىم ھىساپمۇ –سىزنىڭمۇ ؟بۇلۇڭ چاققان نۇر قالماي قىلىپ بۇگۈن بۇ كۆرۈنۈشنى ئالالماي قالساق ئىشىڭىز چاتاق بۇلۇڭ (رېژىسسور ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ .ئا ۋە ب. لار بولسا بىر –بىرىگە ئا.كىيىمنى سالغاچ ب.غا گەپ قىلىدۇ .) ÂÂ

ئا: بۇگۈن ماۋۇ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما ھە ؟

ب: (نىم قىلارىنى بىلمەي رېژىسسورغا قاراپ ) رېژىسسور.......(ئا. دەرھال ب.نىڭ ئاغزىنى توسىۋالىدۇ ۋە ب.نىڭ كىيىملىرىنى ئالىدۇ .)

ئا: خەپ توخۇنىڭ پوقى ھېي ....(ب. ئا نىڭ ئەپتىنىڭ يامانىراق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە رېژىسسورغا قارايدۇ .)

ب: رېژىسسور-----( رېژىسسورنىڭ قارىشى بىلەن بىرگە ئا.دەرھال ب.غا دوپپىسىنى كىيدۇرگەن بولۇۋالىدۇ ئا. جىله بولۇپ چىككىگە يېتىدۇ )

رېژىسسور: مۇئاۋىن رېژىسسور بولىدىمۇ .ھە سىز مۇ كېلىپ ھازىر مۇنداق گەپ ئىككىڭلار ئەمدى ئالمىشىپ ئوينايسىلەر مۇئاۋىن رېژىسسور سىز بۇنىڭدىن 10000تەڭگە ئالغان بۇلۇڭ ھە .ئەمدى سىز مۇئاۋىن رېژىسسورغا 10000 تەڭگە بېرىپ تۇرغان بۇلۇڭ .....

ب: بېرىپ تۇرغان ئەمەس ،بەرگەن راست .

رېژىسسور: ھە بولدى ،پەقەت رولىڭلارلا ئالماشتى باشقا ۋەقەلىك يەنە ئۆز پېتىم بولىدۇ ،بىلدىڭلارمۇ ؟ (ئا-ب.لار بېشىنى لىڭشتىدۇ .) ھەر قايسى ئورۇنلار دىققەت ماۋۇ مەيدان كۆرۈنۈشنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئالىمىز . 1 . 2 . 3. باشلاندى

ب: (ب. ئادەم بەگنىڭ رولىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئا. قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا ) توختاخۇن كىرگەي ...ھەي كىرگەي

ئا: (ئا. ناھايىتىمۇ خاپىچىلىقتا ) خوش بېگىم ........

http://ilkitap.blogbus.com

ب: (ب. نىڭ خۇشاللىقى ئىچ –ئىچىگە پاتماي قالىدۇ.) قا..قا..قا.... ھېي سىنىڭ مۇيۇندا مۇكۇنىڭ بولىدىكەن ھە قەلەندەر.......

رېژىسسور: (بوش ئاۋازدا گەپ قىستۇرىدۇ .) تېكىستتىن چەتنەپ كەتمەڭ !

ب: (رېژىسسورغا قارىۋېتىپ ) ھېي بېشىڭنى كۆتۈرە .ماڭقارا.ماڭقارا مەندىن ئالغان 10000(تەڭگە ) (كوي) (يۇقىرى ئاۋازدا ) يادىلىرىدىمىكىن

رېژىسسور: ئىنتايىن ياخشى ........جاۋاب بېرىڭ ؟....

ب: يادىلىرىدىمىكىن ؟

ئا.بىچارىلەرچە جاۋاب بېرىدۇ .) شۇنداق بېگىم .......

رېژىسسور: ھە ياخشى ..........

ب: خوش ،بۇ پۇلنى قاچان قايتۇرىلىكىن ؟

ئا: كالا-قويلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ .ئاندىن 4-ئايدا مائاش قوشارمىش .شۇنىڭ بىلەن بىراق بېرەي دېگەن بېگىم .

ب:سېنىڭ كالا-قويلىرىڭ بولسا مەندىن 10000( پۇل ) قەرز ئېلىپ ئولتۇرىدىغان نىمۇ مۇ سەن ھە .سېنى ئۇرۇپمۇ دەردىم چىقمايدىغۇ مېنىڭ ئۇرۇپ . ئۇرۇپ .ئاز گەپ قىل قەلەندەر .بۇگۈن بىر بولسا پۇلنى بەر ،بولمىسا ماۋۇ ھۆججەتكە قول قوي بوله......

رېژىسسور: ياخشى ....يالقۇرۇڭ ئەمدى .بۇلۇڭ ......

ئا؛ ئۇنداق قىلمىسلا بېگىم ئۆتۈنۈپ قالاي ...ماڭا ئازراق مۆھلەت بەرسىلە مەن چوقۇم بىر ئامال قىلىپ بېرىۋېتىمەن ئاخىرقى قېتىم بىر پۇرسەت بېرىڭ بېگىم

ب.: قاچان ؟

ئا: (يەنە جىم ئولتۇرۇۋالىدۇ )

ب: بۇياقتا كەل دەرھال .ھۆججەتكە قول قوي بولمايدىغان بولسا ....

رېژىسسور: بېرىك ھۆججەتكە قول قويۇڭ . (ئا. ئادەم بىردەم رېژىسسورغا بىردەم ب.غا قارايدۇ .) (رېژىسسور بىلەن ب ئادەم ئىككىسى توختىماي سۆيلەشكە باشلايدۇ .)

ب: مانا ئالە قەلەمنى ما يەرگە ياز .( دەپ قويىنددىن ئەسلىدىكى ھۆججەتنى ئېلىپ قۆيۇپ .ئۈستەلدىكى ھۆججەتنى ئېلىۋېتىدۇ .ئا بولسا بۇنىڭغا دىققەت قىلماي رېژىسسورغا قاراپ تۇرىدۇ .

رېژىسسور: قول قۆيۇڭ تېز .....

ب: بولە .......( ئا . شۇنچىلىك تەسلىكتە ئامالسىز قول قويىدۇ.)

رېژىسسور: ھە ياخشى بولدى .

ب: قا قا قا ...( دەپ كۈلگەن پېتىم ئورنىددىن تۇرىدۇ .) چىم .ئەمدى بولدى .ئەمدى بولدى ....ئالەمە. ماتارىڭنى كىم كەيسە كيسۇن .(ئۈچىسىدىكى كيىملەرنى سالىدۇ .) ئالە ماۋۇ دوپپاڭنى ئىشىم ئاخرى پۈتتى .خەير-خوش مۇئاۋىن رېژىسسور،

رېژىسسور: توختاڭ !!!

ئا: ئاداش توختا-توختا ،يەنە بىر كۆرۈنۈش بار تېخى تۈگىمىدى .

رېژىسسور: شۇنداق ھەي يىگىت

ب: ئاخىرى بار شۇنداقمۇ ؟خوش ئەمدى ئاداش مەن ساڭا بىر پۇرسەت بېرەي مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي ئەگەردە تاپالىساڭ فىلىمڭلارنىڭ ئاخىرىغا قاتنىشاي .ئەگەر تاپالمىساڭ ماۋۇ ھۆججەتنى كۆردۇڭ ھە ؟ چىم .........

سوئال :ھايۋاناتلار پادىشاھى شىر :تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ پۈتكۈل ھايۋانلارنى يىغىپتۇ لېكىن بىر ھايۋان كېلەلمىگەن قايىسى : (بۇ سوئالنى ئاڭلاپ رېژىسسورمۇ تەمتىرەپ تەڭ كىرىشىدۇ .) ( ئا. ئادەم بولسا جاۋابنى ئويلاپ

كىرىشىپ كەتكەن ئىدى .)

رېژىسسور: ھە تاپتىم ...جاۋاب : بېلىق سۇدا بولغاچقا كېلەلمىدى ؟

ب: خاتا.

ئا: جاۋاب : ( ؟ )

ب: خاتا :جاۋاب :زىراپە . توڭلاتقۇدا بولغاچقا كېلەلمىدى .خەير-خوش .( ئىككىسى ھەيران قىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ .)

رېژىسسور: ھەي ...........؟

ئا: ھەي .........؟

«ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ»( ئىتوت سېنارىيىسى)

ئىتوت:

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

ئاپتورى: قاھار نىياز

قاتناشقۇچىلار: ساۋۇتجان، ھوشۇرخان، بازار باشقۇرۇش كادىرى، ناتونۇش مېھمان

ۋاقتى: كەچقۇرۇن.

سەھنىدە ساۋۇتجاننىڭ ئۆيى، ھوشۇرخان ساجى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مانتىغا قيما قىلىۋاتقاندا، ئېرى ساۋۇتجان سومكا كۆتۈرگىنچە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇتەئەسسىپ، پىخسىق بىر ئادەم. ھوشۇرخان ئېرىنى كۆرۈپ سەل- پەل ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ھوشۇرخان: كەللىما؟

ساۋۇتجان: (جاۋاب بەرمەي) كۆپ- كۆندۈزدە چىراغنى يېقىپ قويۇپسەنغۇ؟ توك پۇلنى قېينى ئاپام مەن تۆلەپ بېرەي دېگەنمىتىيا؟

ھوشۇرخان: سىرتتا ھاۋا بەك تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۆيگە يورۇق چۈشمەي ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، شۇڭا....

ساۋۇتجان: ئەمدى مەن سېنىڭ ئىچىڭ سىقىلىپ كەتكەنگىمۇ پۇل تۆلەيمەنمۇ؟ بۇ گەپچە سەن ئەتە قوپۇپ سىرتتا شامال چىقىپتىكەن، شۇڭا قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېسەڭ بولامدۇ؟ قانداق قاملاشمىغان گەپ بۇ؟

ھوشۇرخان: خاپا بولمىسىلا دادىسى، مەن ئۆچۈرۈۋېتەي.

ئۇ قوپۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.

ساۋۇتجان: قانداق بىر كالۋا ئىجاد قىپتىكەن مۇشۇ توك چىراغ دېگەن نەرسىنى. كىچىك ۋاقتىمىزدا كونا پاختىدىن پىلىك ئېشىپ، كىرسىنگە چىلاپ قويساق بىر ئوبدان يورۇيتتى. بەش موچەنلىك كىرسىن بىر ئاي يېتەتتى. مانا ئەمدى ماۋۇ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەن نېمىلىنىڭ ھەممىسى پۇل دەپلا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان، ھەر ئايدا توك پۇلىغا 20-30 كوي تۆلەيدىغان گەپ. ھە، راست، كۆينەك دەپ غەلۋە قىلىۋاتاتتىڭ، ساڭا كۆينەكلىك ئېلىپ كەلدىم.

ھوشۇرخان: (خۇشال بولۇپ) ۋاي راستما؟ قېنى ئالسىلا كۆرۈپ باقاي!

ساۋۇتجان سومكىسىنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئۇزۇن بىر قىزىل لوزۇنكىنى چىقىرىدۇ.

ھوشۇرخان لوزۇنكىنى ئېلىپ ئاچىدۇ. لوزۇنكىغا "ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز" دېگەن خەت يېزىلغان، ھوشۇرخان بۇنى كۆرۈپ لاسسىدە سولىشىدۇ، ۋە لوزۇنكىنى ساجىغا قويۇپ قويىدۇ.

ھوشۇرخان: كۆينەكلىك ئېلىپ بەرسىلە دېسەم مۇشۇنى ئەكەللىما؟ بۇ بىر

لوزۇنكىكەنغۇ؟

ساۋۇتجان: ھېي، بۇنىڭدا ئىچ كۆينەكلىك تىكىپ كىيسەڭ تازا ئوبدان بولىدۇ. باياتىن دۇكاننى تاقاپ ماڭاي دەپ تۇرسام ياندىكى ئىدارىنىڭ دەرۋازىۋەنى بۇنى يىغىشتۇرىۋېتىپتىكەن، نېمە قىلىسىز دېسەم، تاشلىۋېتىمەن دەيدۇ. قارىسام بىر ئوبدان رەختىكەن. ماڭا بېرىڭلا دەپلا ئېپ كەلدىم.

ھوشۇرخان: (دومسىيىپ) بۇنىڭ ئۈستىدە خەت تۇرسا قانداق كۆينەك تىكىپ كىيگىلى بولىدۇ؟ بازاردىن چىرايلىقراق رەخت ئەكېلىپ بېرەرمىكىن دېسەم...

ساۋۇتجان: ئىچ كۆينەك دېگەننى ئىچىگە كىيىدىغان تۇرساڭ، خەت بارمۇ يوقمۇ كىم كۆرىدۇ؟ بىر ئوبدان ئەكېلىپ بەرسەم كۇرۇك توخۇدەك كوت- كوت- كوت كوتۇلدايدا ماۋۇ خوتۇن، ھە راست، ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆينەك تىكتۈرگەندە ماۋۇ "قارشى ئالىمىز" دېگەن خەت ئالدىڭغا يا كەينىڭگە ئۆدۈل بولۇپ قالمىسۇن جۇمۇ، يان تەرىپىڭگە توغرىلاپ تىككۈز. خەق خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن يەنە.

ھوشۇرخان خاپا ھالدا رەختنى يىغىشتۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: ھە نەق گەپكە كېلەيلى، قانداق مانتا ئېتىۋاتىسەن؟

ھوشۇرخان: قانداق مانتا بولاتتى، يەيدىغان مانتا.

ساۋۇتجان: ماۋۇ يوغانباش خوتۇننى، پىتىر مانتىمۇ، بولدۇرغان مانتىمۇ دەپ سوراۋاتىمەن؟

ھوشۇرخان: سىلى مېنى قاچان پىتىر مانتا ئەت دەپ باققان؟

بولدۇرغان مانتا.

ساۋۇتجان: ھە بوپتۇ، پىتىر مانتىغا گۆش جىق كېتىدۇ، گۆشنى جىق يېسەڭ تېخىمۇ سەمرىپ كېتىسەن، ھېي، ماۋۇ يەرگە بىر مۇنچە بەسەينىڭ قۇلاقلىرىنى تاشلىۋېتىپسەنغۇ؟

http://www.uyebook.com

ئېگىشىپ،تېرىپ ئالدۇ.

ھوشۇرخان: سېسىپ كەتكەنلىرىنى تاشلىۋەتتىم شۇ.

ساۋۇتجان ؛ مانا ماۋۇنىڭ يېگۈدەك يەرلىرى باركەنغۇ؟ ماڭە قايچىنى ئەچىق.

ھوشۇرخان: نېمە قىلىلا؟

ساۋۇتجان: نېمە قىلاتتىم، سېسىغىنىنى كېسىۋېتىمەن.

ھوشۇرخان قايچا ئېلىپ چىقىدۇ. ساۋۇتجان بەسەينىڭ سېسىق يەرلىرىنى كېسىشكە باشلايدۇ.

ساۋۇتجان: مانا قارا، ماندىاق يەرلىرىنى كېسىۋەتسەڭ قالغىنىنى يېگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ قۇلاقلىرىڭدىن كەم دېگەندە ئىككى مانتا چىقىدۇ، خېمىرىڭنى ئەچىقە كۆرۈپ باقاي.

خوتۇن داسنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئەر خېمىرنى مالتىلايدۇ.

ساۋۇتجان: خېمىرىڭ قىيماڭدىن سەل جىقكەن، مۇشۇ پېتى مانتا تۈگسەڭ ئىككى مومىلىق خېمىر ئېشىپ قالغۇدەك، بەسەيدىن يەنە بىر قۇلاق توغرا، كەممۇ ئەمەس ئارتۇقمۇ ئەمەس دەل 21 تال مانتا چىقسۇن. بەشنى سەن يەيسەن، سەككىزنى مەن. ئون ئۈچ بولىدىما؟ يەتتىنى مېھمان يەيدۇ، يېگىرمە. بىرسى زاپاس قالىدۇ. تاسادىپيي مېھمان تويماي قالسا جالاپ بېرىمىز.

ھوشۇرخان: مېھمان يەيدۇ؟ ئۆيگە مېھمان كېلەمدا؟

ساۋۇتجان: ھەئە.

ھوشۇرخان: ۋۇي، بۈگۈن كۈن نەدىن چىقتى؟ سىلى ئەزەلدىن بۇ ئۆيگە مېھمان چاقىرمايتتىلىغۇ؟

ساۋۇتجان: مېھماننى كۈتەلىسەڭ چاقىرمامدۇ؟ سەن مېھمان كۈتۈشنى بىلمەيسەن، شۇڭا چاقىرمايمەن.

ھوشۇرخان: تولا تۆھمەت قىلمىسىلا ئادەمگە. قوشناچىمىزنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوت- يېشى دەپتىكەن، ماڭا پۇلنى جىق- جىق بەرسىلىۋاغۇ، قانداق مېھمانلىرى بولسا گۈلدەك كۈتۈۋېتىمەن.

ساۋۇتجان: تولا پو ئاتمىغىنا، مېھمان دېگەنۋاغۇ نەچچە خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ، شۇڭىغا قاراپ كۈتىدىغان نېمە، مەسىلەن، قارا ھە، ئەزىز مېھمان، ئادەتتىكى مېھمان، چاقىرغان مېھمان، ئۆزى كەلگەن مېھمان، نېپىز مېھمان، قېلىن مېھمان، ئاچ مېھمان، توق مېھمان... ساناپ كەلسەڭ جىق، سەن شۇلارنىڭ ئەمەل- دەرىجىسىگە، خۇي- پەيلىگە، مۇھىمى ساڭا ئېپ كېلىدىغان پايدا- زىيانغا قاراپ كۈتىسەن. مانتا- پولۇ ئېتىدىغان مېھمان بار، سۇيۇقاش ئېتىدىغان مېھمان بار، چاي بىلەن گەپكە زورلاپ يولغا سالىدىغان مېھمان بار، چىپىغا ناۋات سالىدىغان مېھمان بار، ناۋات سالمايدىغان مېھمان بار، تۆز يۆتكەپ كەتكۈزۈۋېتىدىغان مېھمان بار...

ھوشۇرخان: بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ كىم ئۇ؟

ساۋۇتجان: ئېزىز مېھمان، لېكىن ئامال يوق كۈتىدىغان مېھمان.

ساۋۇتجان: بازار باشقۇرۇشتىكى ئەخمەتجان. ئۇ دائىم دۇكىنىمىزغا كېلىپ ساختا مال باركەن دەپ چاتاق تېپىپ كېتىپ بارىدۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بىلمەيتىمەن، ئۇ ئالدىمىزدىكى بىنادا ئولتۇرىدىكەن ئەمەسمۇ. مېھمان قىلاي دېسەم ئۇنىمايدىغىنى ئېنىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتىدىن بېرى سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى، ئۆيۈمگە بىر كىرىپ كەتسىڭىز ئۇكام دەپ كەينىگە كىرىۋالاۋاتىمەن. بۈگۈن ئاخىرى ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىدى.

ھوشۇرخان: دۇكانغا ساختا مال سالمىسىلىغۇ مۇشۇنداق دەككە- دۈككىدە يۈرمەيتتىلە، مۇشۇنداق قىلىپمۇ بىر بېيىپ تىنىقلىپ كەتمىدۇق. بوپتۇ ئەمدى،

http://www.uyebook.com

لېكىن مېنىڭچە رېستوۋراندىلا مېھمان قىلسىلا ئوبدان بولاتتى. ھازىر ھەممە ئادەم مۇشۇنداق قىلىدىغان بوپ كەتتى.

ساۋۇتجان: ماۋۇ گۆش باش خوتۇننىڭ گېپىنى، بايا مەن نېمە دەۋاتىمەن، ئۇ مېھمان قىلاي دېگەننى ئاڭلىسا ھېچ يەرگە بارمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستوراننىڭ تاماقلىرى زەھەردىن قىممەت. ئۇ يەردە بىر قېتىم خەجلىگەن پۇلغا ھۇيپىدە بىر قوينىڭ گۆشى كېلىدۇ، شۇ گۆشنى ئۆيدە ئىككى ئاي يەيمىز، شۇڭا مەن ئاشۇ بوشاڭ، كوشاڭ دېگەن يەرگە ئەزەلدىن كىرمەيمەن.

ھوشۇرخان: توختاپ تۇرسىلا، مەن ماۋۇ مانتىلىنى ئاچقىشۋېتىپ چىقاي، ھېلى مېھمان كەلسە ئالدىراپ قالىمەن.

ھوشۇرخان داس، قاسقانلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، چىقىدۇ.

ھوشۇرخان: مېھمان كەلسە ئوتنى ياقسامىلا بىردەمدە پىشىدۇ.

ساۋۇتجان: ھە بوپتۇ، ماڭا قارا، ئەسكەرنى ئون يىل بېقىش بىر قېتىم جەڭگە سېلىش ئۈچۈن، سېنى مەن نەچچە ۋاقتتىن نېمىشقا بېقىۋاتىمەن؟ مۇشۇنداق چاغدا خەقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلسۇن دەپ، ھېلىقى تۇغقانلار ئەكەلگەن قىزا باردۇ؟

ھوشۇرخان: ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى قېزىنى دەملا؟ يەپ ساپ مايلىرى قاپتىكەن، سەل نىقسىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: نىقسىپ قالسا تۇزغا تازا مىلەپ، ئۈستىگە پىياز توغراپ ئىلەشتۈرۈپ ئاچىقسەن، چاتنمايدۇ.

ئاۋۇ بىڭشاڭدىكى ئۆپكە ھېسىپچۇ؟

ھوشۇرخان: ئۇنىڭغىمۇ بىر ھەپتە بوپ قالدى، ئەپچىقىپ تاشلىۋېتەي دېسەم يا ئۇنىمايلا.

ساۋۇتجان: مۇشۇنداق دېتى يوق خوتۇن ئەمەسمۇ سەن، مەن بۈنى شۇ مېھمان كېلدۇ دەپ ساقلاۋاتقان نېمە. لازا ئاچچىقسۇنى تازا ئاچچىق تەشەپ، ئۆپكە ھېسپىنىك ئۈستىگە قويۇپلا ئەچىقسەن، ئەجەب ئوخشاپتۇ دەپ يەۋېرىدۇ. قېنى بۈگۈن ھۈنىرىڭنى بىر كۆرىمەنغۇ.

ھوشۇرخان: ھېچنېمە ئېپ بەرمەي ھۈنىرىڭنى كۆرىمەن دەيدىكەنلا، بىرەر نەرسنى بولسىمۇ بازاردىن يېڭىدىن ئەكىرسەك بولمامدۇ؟

دەل شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدۇ. ئىشىك چەككىنى ئۆي ئىگىلىرى بىلەن ناتونۇش چاقىرىلمىغان مېھمان، لېكىن ھوشۇرخان بۈنى ھېلىقى ئەزىز مېھمان شۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ساۋۇتجان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۆيگە بىر ئەر كىرىدۇ.

ئەر: ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم!

ساۋۇتجان: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام.

ھوشۇرخان: (ئىنتايىن قىزغىن) ۋاي كەلسىلە مېھمان، قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.

مېھمان كېلىپ ساپادا ئولتۇرىدۇ ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ.

مېھمان؛ تىنچ- ئامان ئولتۇرۇشلا؟

ساۋۇتجان: خۇداغا شۈكرى، بۇ كىمدۇر، ھېچ تونۇيالمايمىنا؟

ھوشۇرخان: (چاي قۇيغاچ) ما ئادەم مېھمان كېلىدۇ دەپ بالدۇر دەپ قويماي، ئەدەمنى تەمتىرىتىپ، قېنى چاي ئالسىلا.

مېھمان؛ رەھمەت، 3- بىنا 4- قەۋەتتىكى ئۆي مۇشۇ شۇغۇ-ھە؟

ساۋۇتجان: ھەئە، مۇشۇ شۇ

مېھمان: خېلى كەڭتاشا ئۆيكەن، قۇرۇلمىسىمۇ بولىدىكەن، نەچچە پىكىپالك؟

ساۋۇتجان: سەكسەن سەككىز.

مېھمان: بولىدىكەن، بولىدىكەن.

http://www.uyebook.com

ئۆتەڭگۈچە ھوشۇرخان ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ، قىزا، ئۆپكە – ھېسىپلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. ساۋۇتجان بۇنى كۆرۈپ تىتىلداپ تۇرالماي قالىدۇ.

ھوشۇر: (ئۆزىگە) ئەستا، نېمىش قىپ يۈرىدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن،

ھوشۇرخان: قېنى ماۋۇ ئۆپكە- ھېسىپتىن، قىزىدىن تېتىپ باقسىلا، ۋۇي، چايلىرىغا ناۋات سالماپتىمەنغۇ، قېنى ئالسىلا.

مېھمان: ماقۇل رەھمەت، (قېزىنى پىيىشكە باشلايدۇ)

ھوشۇرخان گەپ قىلغاچ مېھماننىڭ پىيالىسىگە يوغان بىر تال ناۋاتنى سېلىۋېتىدۇ. ساۋۇتجان بۇنى كۆرۈپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالىدۇ ۋە خوتۇننى دىقمىرلاپ بىر چەتكە تارتىدۇ.

ساۋۇتجان: بۇ ئەمەس.

ھوشۇرخان: نېمە ئەمەس؟ قىزا بىلەن ئۆپكە- ھېسىپ شۇ. تولا ماڭا ئىش ئۆگەتمىسىلە، مېھمان كۈتەلمەيسەن دەيدۇ تېخى، قانداق كۈتىدىكەنمەن بۈگۈن بىر كۆرۈپ باقسۇن. (مېھمانغا) ماۋۇ ئادەمنى بازاردىن بىر نەرسە ئېلىپ كېلەرمىكىن دېسەم قۇرۇقلا كەپتۇ. (ئېرىگە) بولمىسا ھازىر بولسىمۇ دىككىدە چىقىپ توخۇدىن بىرنى ئەكىرەملىيا؟ گاژ- گۇژلا داپەنجى قىلاي.

ساۋۇتجان: ھە... بۇ... بۇ كەمگىچە توخۇلار قونداقتا چىقىپ ئۇخلاپ بولدىمىكىن خوتۇن، بولدى ئۇلارنى ئويغاتمايلى.ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مېھماننىڭ چىرايىدىن توخۇ گۆشى بىلەن خۇشى يوقلۇقى بىلىنىپلا تۇرىدۇ، شۇنداققۇ مېھمان- ھە!؟

مېھمان: ھە... بۇ... ھە...ھە... شۇنداق...شۇنداق.

ھوشۇرخان: ئەمىسە ماۋۇ بار نەرسىلەردىن بولسىمۇ ئالسىلا، بولمىسا مەن تەخسىلىرىگە ئېلىپ قوياي.

مېھماننىڭ تەخسىسىگە تاماق ئېلىپ قويىدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

مېھمان: بولدى رەھمەت، ئۆزۈم ئالاي.

مېھمان قىزا ئۆپكىلەرنى مالاچلىتىپ توختىماي يېپىشكە باشلايدۇ. ساۋۇتجان ئاچچىقىدا سارالاڭ بولاي دەپ قالىدۇ.

ھوشۇرخان: ھوشۇرقارى مانتا پىشىپ قالدى، قاسقاننى ئاچايمۇ؟

ساۋۇتجان: ئاغزىڭنى يۇم، بەدبەخ!

ئايال نېمە بولغاننى بىلمەي نېرى قاچىدۇ. ساۋۇتجان چىرايىغا مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مېھماننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

ساۋۇتجان: ھى... ھى... ئاستىراق يېسىلە، قىزا گاللىرىدا تۇرۇپ قالمىسۇن، سىلى... سىلى... مەن... مەن سىلىنى تونۇيالمىدىمغۇ؟

مېھمان: (نەرسە چاينىغاچ) سىلى مېنى تونۇمايلا، مەن مۇشۇ قورۇنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغان 3- بىنانىڭ 4- قەۋەت 1- ئۆيىنى ساتىمىز دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ، مۇشۇ ئۆيىنى ئالايمىكىن دەپ كېلىشىم،

ساۋۇتجان: ھە... مانداق ئىشمىدى، سىلى خاتا كىرىپ قاپلا، سېتىلىدىغان ئۆي بۇ ئەمەس، ماۋۇ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆي.

مېھمان: ۋۇي،ۋۇي شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى مۇشۇ ئۆيمىكىن دەپتىمەن. ئەستا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ- دە! مەن چىقاي، ئامىن!

مېھمان ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: شۇنداق ئۇقۇشماسلىق بولدى، ناھايىتى چوڭ ئۇقۇشماسلىق چىقاملا؟ ماقۇل ئەمىسە يۈزىنى قېلىن مېھمان...

مېھمان: نېمە دىدىلە؟

ساۋۇتجان: ياق،ياق ھېچنېمە دېمىدىم. ماقۇل خوش ئەمسە.

ساۋۇتجان مېھماننى ئۇزىتىپ بولۇپ، كەينىگە تېزلىكتە ئۆرۈلۈپ بېرىپ،

http://www.uyebook.com

پىيالىدىكى ناۋاتنى سۇزۇۋالدۇ. ناۋات ئېرىپ يېرىمى قالغان.

ساۋۇتجان: ئىسست ناۋات، ئىسست ناۋات، ئېرىپ يېرىمىڭ قاپتۇ ئەمەسمۇ. هوشۇرخان!

هوشۇرخان يۈگۈرۈپ كېلىپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

ساۋۇتجان: ماۋۇ ئۇدۇل قوشناڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟

هوشۇرخان: توۋا خۇدايىم، ئۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بولماقچى.

ساۋۇتجان : ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېھمانغا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟ تېخى لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ ئالسلا دەپ قىزا بىلەن ئۆپكە هېسىپنى تەخسىسىگە ئېلىپ قويۇۋاتىسىنا؟ مەن بولمىسام چايناپ ئاغزىغا سېلىپ قويىامتىڭ؟

هوشۇرخان: مەن تېخى سىلى چاقىرغان هېلىقى مېھمان شۇمىكىن دەپتىمەن.

هوشۇر: هېيى، مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ساراڭ! مەن ئەمەس دېدىمغۇ! مېنىڭ قاش- قاپىقىمغا قاراپ ئىش تۇتمامسەن!؟ نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن ئادەمگە بار نەرسەڭنى يېگۈزۈپ بولدۇڭ، ئەمدى ئەخمەتجان كىرسە قانداق قىلىمىز؟ گەپ قىلە~!

ساۋۇتجان خوتۇنىنى تىللىغاچ باشلىرىغا، بۇرۇنلىرىغا نوقۇيدۇ، قۇلاقلىرىنى سوزىدۇ، هوشۇرخان مىشىلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ساۋۇتجان: گەپ قىلمايسەنغۇ؟ توۋا قىلامسەن، خېتىڭنى ئالامسەن؟

هوشۇرخان: ئاغزىلىرىنى ئۆششۈتمىسىلە دادىسى، مېنىڭ ئاجراشقۇم يوق، هۇ... هۇ...

ساۋۇتجان: خەپ، مۇشۇ قىلغانلىرىڭغا ئەتىلا خېتىڭنى بەرمىسەم.

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىدۇ. ساۋۇتجان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئەخمەت كىرىپ كېلىدۇ، ساۋۇتجان جىددىيلىشىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىدۇ.

ئەخمەت: ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم، ساۋۇتجانكا، تىنچ- ئامان تۇرلىمۇ؟

ساۋۇتجان: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى كەلسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە، ھوشۇرخان! مېھمان كەلدى، چاي قويۇڭلا!

ئەخمەت كېلىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردۇ. ھوشۇرخان كۆزىدىكى ياشنى سۈرتىدۇ، لېكىن سالام قىلماي، قاپىقىنمۇ ئاچماي، چاي قويۇپ ئەخمەتنىڭ ئالدىغا دوققىدە قويۇپ قويىدۇ. ساۋۇتجان ئەخمەتنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، خوتۇنىغا پىچىرلايدۇ.

ساۋۇتجان: تېز بول، چايغا ناۋات سال.

ھوشۇرخان: سالمايمەن تازا.

ساۋۇتجان: ئەمىسە ناۋات نەدە؟ ئۆزۈم سالاي.

ھوشۇرخان: تاڭ، نەدىكىن.

ئەخمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

ئەخمەت: بولدى ھېچقىسى يوق، مەن ناۋات يېمەيمەن.

ساۋۇتجان: ئەمىسە چاي بولسىمۇ ئىچكەچ تۇرسىلا، ھى... ھى...

ئەخمەت چاي ئوتلايدۇ، ساۋۇتجان خوتۇننى يەنە دىقمىرلايدۇ.

ساۋۇتجان: ئەمىسە ئاۋۇ قىزا بىلەن ئۆپكە- ھېسىپنىڭ قالغىنىنى بولسىمۇ..

ھوشۇرخان: ئۇ نەرسىلەرنىڭ يىگۈدەك يېرىنى يەپ بوپتۇ، قالغىنىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم.

ساۋۇتجان: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ھوشۇرخان: ئەتە خېتىمنى بېرىدىغان بوللىغۇ، قانداق قىلسىلا مېنىڭ نېمە كارىم...

ساۋۇتجان: ئەستاغپۇرۇللا، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن... ھېي، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكەي دەمسەن؟! ئەخمەت: ساۋۇتجانكا، نېمە دېيىشىۋاتىسىلە؟ مايەگە كېلىپ

http://www.uyebook.com

ئولتۇرمامالا؟

ساۋۇتجان مېھماننى ئىسكە ئېلىپ دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

ساۋۇتجان: ھى... ھى... ماۋۇ خوتۇن پاقالان گۆشنى سالايمۇ ياكى داپەنجى قىلايمۇ دەپ كەچكىچە سوراۋېرىدۇ... مەن كەچ بولغاندىكىن مانتىلا ئەت شۇ ياخشى بولىدۇ دېدىم. ھى... ھى...

ئەخمەت: بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، مېنىڭ قورسىقىم توق، كىرمەي دېسەم سىلى مۇھىم ئىش ئىدى دېدىلە، قولۇم- قوشنىكەنمىز، مېنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ قالمىسۇن دەپلا كىرىشىم، قېنى دېسىلە، نېمە ئىشتى؟

ساۋۇتجان: كىرگەنلىرى بەلەن بوپتۇ، بولمىسا راستىنلا يامانلاپ قالاتتىم، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ئاۋۋال بىر تاماق يەيلى، ئاندىن كېيىن دېيىشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز. ھوشۇرخان، تاماق پىشقان بولسا ئەپچىقىڭلا.

ئەخمەت: ۋۇي، ئىس پۇراۋاتىدۇ، بىرەر نەرسە كۆيىدىمۇ نېمە؟

ساۋۇتجان: (بۇرنىنى تارتىپ بېقىپ) ۋۇي، مانتا كۆيگەن ئوخشىمامدۇ؟ ھوشۇرخان!

ھوشۇرخان: نېمە؟

ساۋۇتجان: ئىس پۇراپ كەتتى، قازاننىڭ سۈيى تۈگىگەن ئوخشايدۇ، تېز قاسقاننى ئېچىڭلا!

ھوشۇرخان: ئاچمايمەن، ئۆزلىرى ئاچسىلا.

ساۋۇتجان: ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ خوتۇننى، جېنىم خوتۇن، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەي تېز مانتىنى ئەپچىقىڭلا!

ھوشۇرخان: ئەپچىقمايمەن تازا، بايام ئەپ چىقاي دېسەم تىللاپ كەتتىلىغۇ، مېنى سىناپ باققىلى شۇنداق دەۋاتىدۇ ھەرقاچان بۇ ئوغرى.

http://ilkitap.blogbus.com

ساۋۇتجان: ۋاي ئۇنداق ئەمەس، راست دەۋاتىمەن، ئەستا...

ھوشۇرخان: قانداق قىلسىلا قىلسىلا، مېنىڭ كارىم يوق.

ھوشۇرخان ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەخمەت؛ قانداق خەق بۇ، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ، ھاي ساۋۇتجانكا، مەن كىرىپ يەڭگىمىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى بولغاي، مەن چىقاي.

ساۋۇتجان: (جىددىيلىشىپ) ۋاي ياق، ماڭا ئەكىلەۋاتىدۇ، بۇ خوتۇننىڭ مۇشۇنداق ئوماق قىلىقلىرى بار، ئولتۇرسىلا.

ئەخمەت: بەك كۆيۈك پۇراپ كەتتى، ھېلى ماۋۇ ئۆيگە ئوت كەتمىسۇن جۇمۇسلا، ئۆھۆ... ئۆھۆ...

ساۋۇتجان: مەن ئاشخانىغا كىرىپ چىقاي، جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ھە!

ئۆھۆ... ئۆھۆ... (چىقىپ كېتىدۇ)

ئەخمەت: ئەسلىدە بۇ ئۆيگە كىرمىسەممۇ بوپتىكەن، قارىغاندا مۇھىم گېپى باردەكمۇ قىلمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا چىقاي.

شۇ چاغدا ئاشخانا تەرەپتىن تاراڭ- تۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ئەسلىدە قازان قىزىپ يېرىلىپ كەتكەن، ئەخمەت چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرىدۇ

ئەخمەت: ۋاي نېمىش بولدى؟

ساۋۇتجان: ھە شۇ ... مانتا پىشىپ يېرىلىپ كەتتى، چوڭ ئىش يوق.

ئەخمەت: بولدى خوش، مەن چىقاي.

ئەخمەت ماڭىدۇ، ساۋۇتجان ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا- قۇرۇم سۇۋىشىپ كەتكەن، قولىدا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر تال مانتا.

ساۋۇتجان: ۋاي توختىسىلا، سىلىنى دەپ مانتا ئەتكەن، قازان قىزىپ يېرىلىپ كەتتى، لېكىن خاتىرجەم بولسىلا 21 تال مانتىنىڭ ھەممىسى ساق سالامەت.

http://www.uyebook.com

ئەخمەت: نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، بولدى رەھمەت خوش.

ساۋۇتجان: ۋاي ماۋۇ خوشاڭدىن بىر تال يەپ كەتسىلە، ئۇستىنى پىچاق بىلەن قىرىۋەتسە ملا بولاتتى...

ئەخمەت: بولدى، بولدى قىلسىلا، تازا ئوبدان مېھمان بولدۇم، كېيىن كۆرۈشەيلى خوش.

ئەخمەت ئۇنىڭ توسقىنىغا قارىماي چىقىپ كېتىدۇ. ساۋۇتجان بىردە ئىشىككە، بىردە قولىدىكى كۆيگەن مانتىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن بىردىنلا خوتۇنى ئېسىگە كېلىپ توۋلايدۇ.

ساۋۇتجان: ھوشۇرخان! ھاي ھوشۇرخان! ۋوي، ماۋۇ خوتۇن ئاپىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتتىمۇ نېمە... ھاي ھوشۇرخان!

ئۇ توۋلىغىنىچە سەھنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

(تۈگىدى)

http://ilkitap.blogbus.com